# مەن ۋە سىياسىي دۇنيا



مەن ۋە سىياسىي دۇنيا



«ئۆزىنى بىلگەن رەببىنى بىلىدۇ» دەيدۇ رەسۇلىمىز. بىز ئۆزىمىز، جەمەتىمىز، مەھەللىمىز، يۇرتىمىز، مۇھىتىمىز، ۋەتىنىمىز ۋە دۇنيا ھەققىدە قانچىلىك بىلىمىز؟ بىز ئوقۇغان دەرسلەر ھاياتتا ئىنسان دائىم ئېھتىياجلىق ساۋاتلارنى يەتكۈزەلىدىمۇ؟ ۋەتەنسىز، ھوقۇقسىز، بىلىمسىزلىكىمىز بىزنى ئۆزىمىز، مىللىتىمىز ۋە دۇنياغا يوشۇرۇنغان سىرلار ھەققىدە ئويلاشقا دەۋەت قىلالىدىمۇ؟ مەۋجۇتلۇق ۋەھىمىسىنى قايسى بىلىم بىلەن يېڭىمىز؟بىز ئۆزىمىز ياشاۋاتقان تەبىئەت، يۇرت، جەمئىيەت ۋە دۇنيادىن ساۋاتلىقمۇ؟ ئۇلارنى ئۆزئارا بىر ـ بىرى بىلەن باغلاپ باقتۇقمۇ؟ ئەتراپتا يۈز بېرىۋاتقان ھەرخىل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھاياتىمىز بىلەن باغلاپ باقتۇقمۇ؟ پەرزەنتلىرىمىزگە ئۆزىنى، جەمەتىنى، ۋەتىنىنى ۋە مىللىتىنى ئۇيغۇر تىلىدا قانچىلىك چۈشەندۈرەلەيمىز؟

سوئاللار كۆپ، بىز مۇشۇ سوئاللارغا ئاز تولا بولسىمۇ جاۋاپ بېرىش، باللار بىلەن ئۆزى، جەمئىيەت، دۆلەت ۋە دۇنيا ھەققىدە ئۇيغۇر تىلىدا كۆپەرەك پىكىر ئالماشتۇرۇشتا قوللىنىش ۋە مىڭىمىزدىكى ئۇيغۇرچە بىلىملەرنى يېڭىلاشتا ئاز ـ تولا ياردەمدە بولارمىكىن دېگەن مەقسەتتە بۇ ئۇنىۋېرسال ساۋات كىتابىنى تۈزدۇق.

# مەن ۋە سىياسى دۇنيا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

«مەن ۋە...» بىلەن باشلانغان بۇ يۈرۈشلۈك كىتاپنى بۈندىن يەتتە يىل بۇرۇن ئەۋلات ئىشقىدا يانغان بىر تۈركۈم پىداكارلار ھاۋالە قىلغان ئىدى. شۇ چاغدا تۇمشۇقتىكى بىر مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن دۇنيانى، تەبىئەتنى ۋە ئىنساننى باللارغا ئانا تىلدا قانداق چۈشەندۈرۈش ھەققىدە سۆھبەتتە بولغان ئىدۇق. ئۇلار مەكتەپلەرگە ئۆز ئالدىغا دەرسلىك تەسىس قىلىشقا ئىجازەت بېرىلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەپتىدە ئىككى سائەت ئانا تىلدا ئۆتۈلىدىغان بىر يۈرۈش دەرسلىك تۈزگۈزمەكچى بولۇشتى. مەن ئۇلارغا بۇ دەرسلىكنىڭ خىتاي تەشەببۇس قىلىدىغان ساختا كوللېكتىۋىزىمنىڭ ئەكسىچە ئۆزلۈكنى تەكىتلەيدىغان «مەن» بىلەن باشلاشنى ئېيتتىم. باشلانغۇچقا «مەن ۋە بەدىنىم»، «مەن ۋە ئائىلەم، جەمەتىم» دېگەن ئىككى كىتاپ، تولۇقسىزغا «مەن ۋە تارىخىم»، «مەن ۋە زېمىنىم»، «مەن ۋە ئىلىم-پەن» دېگەن ئۈچ كىتاپ، تولۇق ئوتتۇرىغا «مەن ۋە ئىلاھىي دۇنيا»، «مەن ۋە سىياسىي دۇنيا» دېگەن ئىككى كىتاب تەييارلانماقچى بولدى. بۇ كىتاپلارنى تۈزۈشتىكى مەقسەت پەرزەنتلىرىمىز ئۆگىنىشنى بەدىنىدىن ۋە ئائىلىسىدىن باشلىسۇن، ئاندىن چۈشەنچىسىنى مىللەت، ئىلىم-پەن ۋە تۇپراققا كېڭەيتسۇن، ئاخىرىدا ماددىي ۋە ئىلاھىي دۇنيانى مۇكەممەل ئىگىلەپ ھايات يولىدا تىنەپ تەمتىرەپ قالمىسۇن، تۇرمۇشقا چىرماشقان ساختا تېبابەت، ئازغۇن سىياسەت ۋە يالغان ئىلاھىيەتكە ئالدانمىسۇن دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بايقىشىمچە ۋەتىنىمىزدە كىشىلىرىمىز كىچىكىدىن باشلاپ ئۆزىگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىدىغان بەدىنى ھەققىدە ئىلمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولماغاچقا بىزدە داخان، پىرخۇن ۋە رىياكار تېۋىپلار بازار تاپقان ئىدى، كىشىلىرىمىز تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاپەت، كېسەللىك، قېرىلىق ۋە ئۆلۈم ھەققىدە پەننىي ساۋاتقا ئىگە بولماغاچقا ھۆرمەت تۆرىدە ئۇلۇغلىناتتى. خەلقىمىز سىياسەت، خەلقارا مۇناسىۋەت ۋە دۇنياۋىي تەرتىپ ھەققىدە مەرىپەتلىك بولالمىغىنى ئۈچۈن دائىم زالىملارنىڭ قۇلىغا قوللىغۇچىسىغا ياكى قوللىرىدىكى ئويۇنچۇققا

ئايلىنىپ قالاتتى. خەلقىمىزدىكى ھوقۇقسىزلىق، مائارىپسىزلىق، چۈشكۈنلۈك، پەننىڭ ئومۇملاشماسلىقى، بېقىندىلىقنىڭ ئەنئەنىگە ئايلىنىپ كېتىشى قاتارلىق سەۋەپلەردىن كېلىپ چىقىۋاتقان ئاجىز ھالىتىمىزگە ئۆزگەرتىش نادانلىققا، خۇراپاتقا جەڭ ئېچىش بولسا، بۇلارنى كۆرمەسكە سېلىش نادانلىققا يەم بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

شۇ قېتىملىق يىغىلىشتا غەيرەتكە كەلگەن پىداكار ئۇستازلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەن بىر يۈرۈش كىتاپنىڭ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. كىتاپنى تۈزۈش ئىشىغا ئون يىلدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىلىق ۋە سىنىپ باشقۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە دوستۇم ئەخمەت مەسئۇل بولدى. 2013-يىلى ئاۋغۇستتا كىتاپلار پۈتتى. مەن رەسىم كىرگۈزۈش، كۆنۈكمە تەييارلاش، ئوقۇتقۇچىلارغا كۆرسەتمە تۈزۈش قاتارلىق ئىشلارنى قىلدىغان چاغدا قاماققا ئېلىندىم. مەن چىقىپ تۇرۇشۇمغا قەدىناس دوستۇم تۇتۇلۇپ كەتتى. كىتاپ مەندە قالدى.

«مەن...» دېگەن بۇ بىر يۈرۈش كىتاپنى تۈزگەن دوستۇم ھەقىقەتەن ئەھمىيەتلىك بىر ئەمگەك قىلغان ئىكەن. ئەينى چاغدا قىلغان پىلانلىرىمىز شۇ چاغدا ۋەتەندىكى خەلقىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس ھېلىمۇ زۆرۈر بىر ئېھتىياج ئىكەندۇق. مۇشۇنداق بىر يۈرۈشلۈك كىتاپلارنى چىقىرىشنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇساپىرەتتە تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم، ھەمدە قاماقتا قالغان دوستۇمنىڭ ئۈمىدىنى مۇھاجىرەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى نىيەت قىلدىم. ئۇيغۇرياردىكى دوستلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بۇ بىر يۈرۈش كىتاپ روياپقا چىقتى. دېگىنىمدەك مەن بۇ كىتاپلار ئۈچۈن كۆنۈكمە ھازىرلىيالمىدىم، رەسىم كىرىشتۈرەلمىدىم، دوستۇم قاماقتا بولغاچقا كىتاپنى تۈزۈشتە قوللانغان مەنبەلەرنى سۈرۈشتە قىلالمىدىم. پەقەت تەھرىرلەش جەريانىدا بەزى تولۇقلاشلارنى قىلدىم. ۋەتەندە شارائىت چەكلىمىسى سەۋەپلىك دېيىلىپ قالغان سۆز، جۈملە ۋە ئاتالغۇلارنى يېڭىلاپ چىقتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap



# مۇندەرىجە

1 . دۇنيادىكى تەسىرى زور سىياسىي ئىدىيولوگىيەلەر .............................. 5
ماركسىزم ................................................ 7
كونسېرۋاتىزم(مۇھاپىزىكارلىق) ................................ 01
ھۆكۈمەتسىزلىك(ئانارخىزم) ................................ 11
فېمىنىزم ................................................ 13
ئېكولوگىيىزم ................................................ 15
فاشىزم ................................................ 17
لىبېرالىزم ................................................ 19
ئىرقچىلىق ................................................ 20
كوممۇنىزم ................................................ 21
مىللەتچىلىك ................................................ 23
2 . دۇنيادىكى تەسىرى زور تەشكىلاتلار .............................. 25
ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلاتلار IGO (Intergovernmental Organization) .... 26
يەر شارى خاراكتېرلىك ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلاتلار .............................. 28
بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ................................ 28
بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى نېمە ؟ ................ 30
بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پرىنسىپى نېمە ؟ ................ 30
بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئاپپاراتلىرى ................ 31
بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ رولى ................ 33
دۇنيا سودا تەشكىلاتى ................................ 34
دۇنيا بانكىسى ................................ 37
خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى مەبلەغقە قانداق ئېرىشىدۇ ؟ ................ 41
خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق نىشانى نېمە ؟ ................ 42
دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى (World Health Organization) ................ 34
رايون خاراكتېرلىك ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلاتلار ................ 45
ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى قانداق بولۇپ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئايلاندى ؟ ................ 46
ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى نېمە ؟ ................ 46
شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ................................ 48
شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ نەتىجىلىرى نېمە ؟ ................ 51
شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ كۆلىمى ................ 51
شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى NATO ................ 52
ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەزالىرى : ................ 75
دۇنيا ئىسلام كېڭىشىنىڭ كۆزەتكۈچى ئەزالىرى : ................ 85
ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا كۆزەتكۈچى ئەزالىق سالاھىيىتىگە ئىگە تەشكىلات ـ فىلىپپىن
مورو ئازادلىق تەشكىلاتى ................................ 58

ئىسلام كېڭىشىگە كۆزەتكۈچى ئەزا خەلقئارا تەشكىلاتلار : ..........85
ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ..........59
شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى ..........59
ئەرەب ئىقتىسادىي بىرلەشمە جەمئىيىتى ..........60
شىمالىي ئافرىقا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى ..........60
لاتىن ئامېرىكىسى بىر گەۋدىلىشىش جەمئىيىتى ..........60
جەنۇبىي قىسىم ئافرىقا ئورتاق گەۋدىسى ..........60
جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىق ئىتتىپاقى ..........61
ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ..........61
ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قانداق تەشكىلات ؟ ..........61
ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قاچان قۇرۇلغان ؟ ..........61
ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مەقسىتى نېمە ؟ ..........62
3 . ھۆكۈمەتتىن خالىي تەشكىلاتلار..........63
خەلقئارادا تەسىرى زور ھۆكۈمەتتىن خالىي تەشكىلاتلار ..........64
خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ..........64
خەلقئارا قىزىل كرېست كومىتېتى ..........65
خەلقئارا قىزىل كرېست كومىتېتىنىڭ بۇرچى نېمە ؟ ..........66
خەلقئارا قىزىل كرېست كومىتېتىنىڭ خىزمىتى نېمە ؟ ..........66
خەلقئارا قىزىل كرېست كومىتېتىنىڭ پىرىنسىپى نېمە ؟ ..........66
بالىلارنى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى (Save The Children) ..........76
21 ـ ئەسىر دۇنيا سىياسىيسىدىكى كەلگۈسى 12 مەسىلە ..........69
1 ـ دۆلەت يەنىلا دۇنيا سىياسىيسىدىكى ئاساسلىق سۇبيېكتمۇ ؟ ..........69
2 ـ يەرشارىنىڭ مەنپەئىتى دۆلەت مەنپەئىتىنىڭ ئالدىدا تۇرۇشى كېرەكمۇ ؟ ..........71
3 ـ دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ يوقىلىشى دۆلەت بىخەتەرلىكىنىڭ مەنىسىنى
ئۆزگەرتتى ،ئۇنداقتا ھەربىي ھوقۇقنىڭ مەقسىتى نېمە ؟ ..........74
4 ـ دۇنيادا تېرورىزمنى چەكلىگىلى بولامدۇ ؟ ..........78
5 ـ دۆلەت ئىچىدىكى بۆلگۈنچىلىك توقۇنۇشى نۇرغۇنلىغان يېڭى دۆلەتلەرنى مەيدانغا
كەلتۈرەمدۇ؟ ..........83
6 ـ قۇدرەتلىك دۆلەتلەر كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشقا ئارىلىشامدۇ ؟ ..........85
7 ـ 21 ـ ئەسىردە ئامېرىكا، ختاي ياكى ياۋروپا ئىتتىپاقى قاتارلىقلار دەرىجىدىن تاشقىرى
چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلامدۇ ؟ ..........88
8 ـ يەرشارىلىشىش رېتسىپمۇ ياكى ئەپسۇنمۇ ؟ ..........92
9 ـ رېئالىزم ھامان رېئاللىق، بىراق دېموكراتىزم يەنىلا غايىۋىزىممۇ ؟ ..........97
10 ـ دۇنيا خاتا ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتامدۇ ؟ ..........100
11 ـ «تارىخنىڭ تۈگەللىنىشى» ياكى ئاقىۋەتنىڭ ئاخىرلىشىش خۇشاللىقىمۇ ؟ ..........102
12 .دۇنيادا يېڭى تۈزۈلگەن خەلقئارا تەرتىپ بارمۇ؟ ..........103

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap



## 1. دۇنيادىكى تەسىرى زور سىياسىي ئىدېئولوگىيەلەر

ئىدېئولوگىيە (( ideology ئىدىيە، تەلىمات دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ماركس ئۇستىقۇرۇلما دەپ ئاتىغان. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا دېيىلىۋاتقان ئىدېئولوگىيە ــ ئىدىيە،تەسەۋۋۇر، قىممەت قارىشىنىڭ سېستىمىلاشتۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت. ئىدېئولوگىيە دۇنيا قارىشىنىڭ مەنىداش سۆزى دەپمۇ قارىلىدۇ. ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، ئىدېئولوگىيە مەلۇم سىنىپ ياكى پارتىيەنىڭ مۇئەييەن كۆزقاراش، پىكىر، ئۇقۇم، ئىدىيەلىرىنىڭ سىستېمىسىدۇر. سىياسىي كۆز قاراش، پەلسەپە، سەنئەت دىنلارنىڭ ھەممىسى ئىدېئولوگىيەنىڭ شەكلىدۇر.

ئىدېئولوگىيە دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى دائىم مۇنازىرە قىلىنىدىغان، بىرلىگەن تەبىرىمۇ كۆپ خىل بولغان، ھەربىر تەبىر رەددىيەگە ئۇچرايدىغان ۋە بەس ـ مۇنازىرە قوزغايدىغان ئۇقۇمدۇر. ئەمەلىيەتتە ئىدېئولوگىيە ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ ئاكتىپ، پاسسىپ ياكى بىتەرەپ ئالاھىدىلىكىمۇ ـ ئەمەسمۇ دېگەندە، سىياسىيونلار ئورتاق قاراشقا كەلگىنى يوق.

ئىجتىمائى پەن نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئىدېئولوگىيە ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئىچكى بىرلىككە ئىگە بىر يۈرۈش ئىدىيە بولۇپ، مەقسىتى ــ ھازىرقى مەۋجۇت ھوقۇقنى قوغداش، تۈزىتىش ياكى ئاغدۇرۇپ تاشلاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك سىستېمىدۇر. ئۇ تەشكىللىك سىياسىي ھەرىكەت بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئاساسى. چۈنكى بارلىق ئىدېئولوگىيە:

1. ھەمىشە دۇنيا قاراش شەكلى بىلەن مەۋجۇت تەرتىپنى چۈشەندۈرىدۇ.

2. غايىۋى ئەندىزە ۋە گۈزەل جەمئىيەت تەسەۋۋۇرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

3. سىياسىي ئۆزگىرىش نېمە ئۈچۈن پەيدا بولىدۇ؟ ھەمدە قانداق يۈز بېرىشى كېرەك؟ دېگەننى تەسۋىرلەيدۇ.

ئىدېئولوگىيەنىڭ تۈرلىرى: ئىدېئولوگىيەنىڭ نۇرغۇن ئوخشىمىغان تۈرلىرى بار، مەسىلەن : سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىلىم، ئەخلاق ئىدېئولوگىيەسى قاتارلىقلار.

بىزنىڭ بۇ دەرستە تونۇشتۇرماقچى بولغىنىمىز سىياسىي ئىدېئولوگىيەدۇر. تۆۋەندە بىز دۇنيادا تەسىرى زور بولغان بىر قىسىم ئىدېئولوگىيەلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور www.uyghurkitap.c



# ماركسىزم

ماركسىزم تارىخنى ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىكا بىلەن چۈشەندۈردىغان، كاپىتالىزمنى تەنقىد قىلىش ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان ئىقتىسادى، سىياسى ۋە ئىجتىمائى دۇنيا قاراشتۇر. ماركسىزمنىڭ ئۈچ تەركىبىي قىسمى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخى ماتېرىيالىزم، سىياسى ـ ئىقتىساد، ئىلمىي سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىللىرىدە كارل. ماركس بىلەن فرىدرىخ. ئېنگىلس ماركسىزمنىڭ نەزەرىيىۋى قۇرۇلمىسىنى تۈزۈپ چىقتى. ماركسىزمنى ئاساس ياكى مېتودولوگىيە قىلىپ، ھازىرقى ئىقتىسادى پەلسەپە ۋە ئىجتىمائى ھەرىكەتلەر پەيدا قىلغان زور ۋە كەڭ تەسىرنى يېزىپ چىققان. بۇ نەزەرىيە ئۆزگە خاس سىياسىيى ئىقتىساد، جەمئىيەتشۇناسلىق، پەلسەپە ۋە ئىنقىلاب ئىدېئولوگىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ماركسىزمنىڭ نەزەرىيەسىگە نىسبەتەن بىرلىككە كەلگەن ئېنىقلىما يوق. چۈنكى بۇ نەزەرىيە نۇرغۇنلىغان ساھە ۋە ماتېرىياللاردا ئەكس ئېتىپ كۆپ مەنبەلىك تەرەققىي قىلغان، ئۆزئارا زىددىيەتلىك ۋە قارىمۇ قارشى نەزەرىيەلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەبچى بولغان.

ماركسىزم جەمئىيەت تەرەققىياتىنى، ماتېرىيالىزملىق مەيدانىدا تۇرۇپ كۆزىتىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئىقتىسادقا تايىنىپ ياشاش ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. ئىقتىسادى تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائى، سىياسى، قانۇنى ۋە ئەخلاقى مۇناسىۋەتلەرنىڭ تۈپ مەنبەسى دەپ قارايدۇ. بۇ ئىجتىمائى

مۇناسىۋەتلەر ماركس ئېيتقان ئۈستقۇرۇلمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بەزى ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە مۇناسىۋەت ئۈنۈمسىزلىشىدۇ. ھەمدە ئىقتىسادىي پائالىيەت بىلەن توقۇنۇشىدۇ، بۇ خىل توقۇنۇش سىنىپىي كۈرەشكە تەرەققىي قىلىدۇ. ماركسىزمنىڭ تەھلىلىگە ئاساسلانغاندا، پرولېتارىيات ئەمگىكى باشقۇرغان يۇقىرى ئۈنۈملۈك ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئىگىلىگەن ئاز ساندىكى كاپىتالىستلار ئۈچۈن قوشۇمچە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدۇ ۋە قوشۇمچە قىممەتكە ئايلىنىدۇ، بۇ خىل ئېكسپلاتىسىيە مۇناسىۋىتى تەرەققىي قىلىپ تۈپكى زىددىيەتكە ئايلىنىدۇ. زىددىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي ئىنقىلاب مۇقەررەر پارتلايدۇ. ماركسىزم سوتسىيالىزمنىڭ ئىنقىلاپ جەريانىدا پەيدا بولىدىغانلىقى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ كوللېكتىپنىڭ قولىغا قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى، پايدىنىڭ ھەربىر كىشىنىڭ ئەمەلىي ئەمگىكىگە ئاساسەن تەقسىم قېلىنىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا يەنە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن پايدىنى نىشان قىلماي، پىلانلاۋاتقانلىقىنى ئالدىن ئوتتۇرىغا قويغان. ماركس سوتسىيالىزمدىن كېيىن كوممۇنىزم تۇغۇلىدۇ، كوممۇنىزم جەمئىيىتىدە ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەپ، ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئالىدىغان ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئورنىتىلىدۇ، سىنىپسىز، چېگراسىز، پۇلسىز، خۇسۇسىي مۈلۈكسىز جەمئىيەت بارلىققا كېلىدۇ، دەپ قارىغان. ماركسىزم نۇرغۇن تارماق ۋە مەزھەپلەرگە تەرەققىي قىلغان. ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە مەزھەپلەر كىلاسسىك ماركسىزمنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى ئوخشاش بولمىغان ئىزاھلايدۇ ۋە تەكىتلەيدۇ. بەزىدە غەيرىي ماركسىزملىق ئۇقۇملارنىمۇ ئارلاشتۇرىۋېتىدۇ، شۇڭا بۇ نەزەرىيەۋى ئۇسۇل جەھەتتىكى پەرق نۇرغۇن ماركسىزملىق مەزھەپلەرنىڭ كاپىتالىستىك ئىقتىسادنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەنقىد قىلىش پوزىتسىيەسى بىردەك بولغاندىن باشقا ئىنىق نەزەرىيەۋى قۇرۇلمىسى ۋە تەتقىقات ئۇسۇلى يوق. شۇڭا ماركسىزمدىن شاخلانغان نۇرغۇنلىغان سىياسى پەلسەپىلەرنىڭ، سوتسىيالىزمدا قوللانغان ئىستراتېگىيەسى ھەممىشە ئوخشاش ئەمەس.

# كونسېرۋاتىزم (مۇھاپىزىكارلىق)

بىر خىل سىياسىي پوزىتسىيە بولغان«كونسېرۋاتىزم» (مۇھاپىزىكارلىق)نى ساقلاپ قېلىش ئىستىكى، دەپ تەبىرلەش مۇمكىن، ھەممىدە ئۆزگىرىشكە قارشى تۇرۇش ياكى ھېچ بولمىغاندا ئۆزگىرىشكە گۇمانى پوزىتسىيە تۇتۇشتۇر. گەرچە ئۆزگىرىشكە قارشى تۇرۇش ئىستىكى «كونسېرۋاتىزم»(مۇھاپىزىكارلىق) نىڭ ئىزچىل تەكرارلىنىدىغان مىلودىيەسى بولسىمۇ، ئەمما ھەقىقى ئىدېئولوگىيە ھېسابلىنىدىغان «كونسېرۋاتىزم» دۇشمەنلەرچە سىياسىي ئەقىدىلەردىن پەرقلەندۇرۇپ چىقىدىغىنى بولسا كىشىلەر بۇخىل مەيداننى ياقلايدىغان ئالاھىدە ئۇسۇلدۇر. «مۇھاپىزىكارلىق»نىڭ يادرولۇق تېمىسى : ئەنئەنە، ئىنسان تەبىئىتى مۇكەممەل ئەمەسلىك، ئورگانىك جەمئىيەت، مەرتىۋە ۋە مۈلۈك ھوقۇقى.

«كونسېرۋاتىزم»نىڭ نۇقتىنەزىرىدىن قارىغاندا، ئەنئەنىنىڭ ئىنكاس قىلىدىغىنى بۇرۇنقى ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ جۇغلانمىسى ھەممىدە «ئۇزاق سىناقلاردىن ئۆتكەن » تۇزۇم ۋە ئەمەلىيەتتۇر. بۇگۈنكىلەر ۋە ئەۋلادلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلاشقاندا، بۇ ئەنئەنە قوغداشقا ئېرىشىشى كېرەك. مۇھاپىزىكارلىقنىڭ ئىنسان تەبىئىتىگە قارىتا ئاز دېگەندە مۇنداق ئۈچ پاسسىپ كۆز قارىشى بار: 1ـ ئادەمنىڭ ئىقتىدارى چەكلىك، تايىنىشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك، بىخەتەرلىك قوغلىشىدىغان مەخلۇق؛

2ـ ئادەم ئەخلاق جەھەتتە ئىشەنچسىز، ھەمىشە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap



شەخسىيەتچىلىك، نەپسانىيەتچىلىك، ھەمدە ھوقۇققا تەلپۈنۈشنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

3 ـ ئىنسانىنىڭ دۇنيانىڭ ئەقىللىقلىقى چەكسىز مۇرەككەپچانلىقىغا تاقابىل تۇرۇشقا قۇربى يەتمەيدۇ، شۇڭا مۇھاپىزىكارلار پىراگماتىزىمغا ئىشىنىدۇ. ئۇلار ئۆز ئېتىقادىنى «ئىدىئولوگىيە» ياكى «ئادەمنىڭ پوزىتسىيەسى» دەپ تەسۋىرلەشكە ئامراق.

مۇھاپىزىكارلىقنىڭ «جەمئىيەت چوقۇم بىر ئورگانىك گەۋدە دەپ قارىلىشى كېرەك» دېگەن ئەقىدىسى، ھەرخىل تۈزۈم ۋە قىممەت قاراش تەبىئىي ئېھتىياجنى ئاساس قىلىپ پەيدا بولىدۇ، شۇڭا ئاجىز «ئىجتىمائىي قۇرۇلما» قوغداش ۋە ساقلاپ قېلىشقا ئېرىشىشى كېرەك، دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ. مۇھاپىزىكارلىق مەرتىۋىنى ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇشنىڭ ئاساسى، دەپ قارايدۇ. مەرتىۋە ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، نېمە ئىش قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇرىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى بارلىق ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ دەرىجە خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

مۇھاپىزىكارلىق مۈلۈك ھوقۇقىنى مۇھىم بىلىدۇ. چۈنكى مۈلۈك ھوقۇقى ئىنساننى بىخەتەرلىككە ئېرىشتۈرىدۇ، ھەمدە ھۆكۈمەت تەرەپتىن بەلگىلىك مۇستەقىللىققا ئىگە قىلىدۇ. شۇنداقلا يەنە كىشىلەرنى قانۇننى ۋە باشقىلارنىڭ مۈلكىنى ھۆرمەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

## ھۆكۈمەتسىزلىك (ئانارخىزم)

ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ يادرولۇق ئېتىقادى ـــ ھەرخىل شەكىلدىكى سىياسىي، مەرتىۋە (بولۇپمۇ دۆلەت شەكلىدىكى

مەرتىۋە) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى رەزىل ۋە زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ تەبىرلەيدىغان ئىدېئولوگىيەدۇر. ھۆكۈمەتسىزلەر دۆلەت رەزىل دەپ قارايدۇ، چۈنكى دۆلەت ھوقۇقدار، مەجبۇرلاش كۈچى ۋە زورلۇق كۈچى بولغان مەرتىۋە بولۇپ، ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك پرىنسىپىغا تاجاۋۇز قىلىدۇ ھەمدە چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك بولغان ئەركىنلىككە تاجاۋۇز قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ، بۇ ھۆكۈمەتسىزلەرنىڭ يادرولۇق قىممىتىدۇر. دۆلەت ۋە ئۇنىڭ شېرىكى بولغان ھۆكۈمەت ۋە قانۇن ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسى چىرىك ۋە چۈشكۈن، شۇڭا كۆزدىن يوقىلىشى كېرەك. ”دۆلەت زۆرۈرىيەتسىز“ ئېتىقادى ھۆكۈمەتسىزلەر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ھۆكۈمەتسىزلەر شۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىينى كېرەك قىلمايدۇكى: ئۇلار تەرتىپكە بولغان ئۈمىدنى ”تەبىئەت“ تەرتىپى ۋە تەبىئىي، ئىجتىمائى ئىناقلىقتىن كۈتىدۇ. قىسقىسى، ئىنسانى ئۈمىدۋارلىقنى ئاساس قىلىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتساق، ھۆكۈمەت تەرتىپ مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان ئۇسۇل ئەمەس، ئەكسىچە تەرتىپ مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى سەۋەبتۇر، دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## فېمىنىزم

فېمىنىزم ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى سىياسىي خاھىش قىلغان ئىدېئولوگىيەدۇر. فېمىنىزمچىلار سىياسىي مۇناسىۋەت جىنس بىلەن ئالاقىدار، كۆپ قىسىم جەمئىيەتتە ئەرلەر ئەڭ ئالىي ھوقۇقنى ئىگىلىگەن، ئاياللار پەقەت بويسۇنغۇچى، دېگەن قاراشنى گەۋدىلىك تەكىتلەيدۇ. شۇڭا فېمىنىزم مۇنداق ئىككى ئاساسىي ئۇقۇمنى ئالاھىدىلىك قىلىدۇ:

1 ـ ئاياللار بىلەن ئەرلەر جىنس پەرقى تۈپەيلىدىن تەڭسىز مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ؛

2 ـ بۇ خىل تەڭسىز مۇئامىلە ئاغدۇرۇلۇشى كېرەك. گەرچە كۆپ قىسىم فېمىنىزمچىلار جىنس باراۋەرلىكىنى ھىمايە قىلسىمۇ، بىراق بۇ نىشانى ئارقىلىق فېمىنىزمنى تەبىرلىگەندە، مەۋجۇت خاتالىقتىن ساقلىنىشى تەس. چۈنكى بىر قىسىم فېمىنىزمچىلار جىنسىي ئەركىنلىك بىلەن جىنس باراۋەرلىكىنى پەرقلەندۈرۈپ قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. كېيىنكىسى ئاياللار بىلەن ئەرلەر ئوخشاش بولۇش كېرەك، دېگەن قاراشتىن دېرەك بېرىدۇ. فېمىنىزمچىلار تەھلىل قىلغان يادرولۇق ئۇقۇم ‟ئاتىلىق ھوقۇق تۈزۈمى“، ئۇلار كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئاياللار ئۇچراۋاتقان زۇلۇم ۋە ئېزىلىش بىر گەۋدىلىكلىكىگە يۆتكەيدۇ. ئەمما بۇ خىل بىر گەۋدىلىكلىك ئەكسىچە يەنە شۇنى كۆرسىتىدىكى، جىنسنىڭ سىياسىيدىكى مۇھىملىقى: جىنس ئەر- ئايال ئوتتۇرىسىدىكى

فىلولوگىيەلىك پەرق بولماستىن، بەلكى جەمئىيەت تاڭغان ئۇقۇمدۇر. نۇرغۇن فېمىنىزمچىلار، "جىنس" بىر خىل سىياسى ئىنشائات، ئۇ ئادەتتە "ئايال زاتى" بىلەن "ئەر زاتى" نىڭ قىلمىشى ۋە جەمئىيەتتىكى رولىنى ئاساس قىلىدۇ،دېگەن كونا گەپنىڭ ئۇستىگە قۇرۇلغان، دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئېكولوگىيزم

ئېكولوگىيزىمنىڭ يادرولۇق ئالاھىدىلىكى: تەبىئەت دۇنياسى بىر زەنجىرسىمان گەۋدە، ئۇ ئىنسانلار، جانلىقلار ۋە جانسىزلار دۇنياسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. "ئېكولوگىيە ئىلمى"(ماكاننامە) — جانلىقلارنىڭ "ماكان"نى ياكى "جەمگاھ"نى تەتقىق قىلىدۇ. شۇنداقلا يەنە، مەلۇم بىر ماكاندىكى جانلىقلار بىلەن ئۇلارنىڭ ياشاش مۇھىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئېكولوگىيزم بىلەن مۇھىتىزم ئوخشىمايدۇ. مۇھىتىزم ئېكولوگىيەلىك كىرىزىس ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىتقا ئىللىق، ياخشى، مۇئامىلە قىلىش ئۇسۇلىغا قارىتىلغان، بىراق ئۇ تەبىئەت دۇنياسى ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى پەرەزلەردىن تۈپتىن گۇمانلانمايدۇ. شۇڭا ئۇ كۆپ قىسىم مۇھىت بىسىمى گۇرۇھلىرىنىڭ پائالىيىتىنى،بىر يۈرۈش سىياسىي پارتىيە قوللىنىدىغان مەيدان ۋە تۇتۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېكولوگىيزم بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئېكولوگىيزم ئەسلىدىنلا بىر خىل ئىدېئولوگىيە. چۈنكى ئۇ ئىكولوگىيەنى مەركەز قىلىش ياكى جانلىقلارنى مەركەز قىلىش كۆز قارىشىنى قوبۇل قىلغان، تەبىئەت ياكى يەرشارىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان، ئۆتمۈشتىكى ئىنسانلار ئوتتۇرىغا قويغان ئالەم مەركەز تەلىماتى ياكى ئىنسان مەركەز تەلىماتىغا ئوخشىمايدىغان ئومۇمىي ئىدېئولوگىيەدۇر. ئېكولوگىيزم ئادەتتە ئىككىگە بۆلىنىدۇ: "تېرەن ئىكولوگىيزم" پۈتۈنلەي ئىنسانلار مەلۇم مەنىدىن باشقا جانلىقلار ياكى تەبىئەت دۇنياسىدىن ئەسلىدىنلا تېخىمۇ قالتىس، تېخىمۇ موھىم، دەيدىغان ھەرقانداق ئېنىقسىز كۆز قاراشنى ئىنكار قىلىدۇ. "تېيىز ئېكولوگىيزم" ئېكولوگىيەنىڭ ساۋىقىنى قوبۇل قىلىش بىلەن

بىللە، يەنە ئىنسانىنىڭ ئېھتىياجى ۋە مۇلازىمەت تەقسىماتى دائىرىسىدە چەكلىنىدۇ. مۇنداقچە ئېيتساق بىزگە شۇنى دەپ بىرىدۇكى: ئەگەر تەبىئەت دۇنياسىنى ئاسىرىساق ۋە قوغدىساق، تەبىئەت دۇنياسىمۇ جاۋابەن ئىنسانلارنىڭ ياشىشىنى قامدايدۇ.

www.uyghurkitap



## فاشىزم

فاشىزم بىر خىل يېڭى ئىدېئولوگىيەدۇر. ئۇنىڭ يادرولۇق تېمىسى "ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش" ئېتىقادىدا ئەكس ئەتكەن "ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن مىللىي ئورتاق گەۋدە" ئۇقۇمىدۇر. ئۇ شەخس ئەسلى مەنىسىدىن ئېيتقاندا ھېچنېمە ئەمەس؛ شەخسنىڭ سالاھىيىتى پۈتۈنلەي ئورتاق گەۋدە ياكى ئىجتىمائىي توپ ئىچىدە بولۇشى كېرەك. فاشىزمنىڭ غايىسى "يېڭى ئادەم"، بۇ يېڭى ئادەم شۇنداق ئىنسانكى: مەسئۇلىيەتچان، شەرەپ تۇيغۇسىغا ۋە ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىغا ئىگە، ھەر زامان ئۆز مىللىتى ياكى ئىرقىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان ھەمدە ئالىي رەھبەرگە شەرتسىز سادىق بولىدىغان قەھرىماندۇر.

ئۇرغۇن جەھەتتە فاشىزم — فرانسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن شەكىللەنگەن غەرب سىياسىي ئىدىيەسى ۋە قىممەت قارىشىغا ئاسىيلىق قىلغان، ئىتالىيە فاشىستلىرىنىڭ شۇئارى بىلەن ئېيتقاندا، "1789-يىلى ئۆلدى"، دەپ قارايدىغان ئىدېئولوگىيەدۇر. فاشىزم كۆرەش، داھىي، ھوقۇق، قەھرىمانلىق ۋە ئۇرۇش قاتارلىق نام بىلەن، ئاقىلانىلىك، ئالغا بېسىش، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك قاتارلىق قىممەتلەرنى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا فاشىزم "تەتۈر خاراكتېر"گە ئىگە بولۇپ، زور دەرىجىدە ئۇ قارشى تۇرىدىغان نەرسىلەر بىلەن خارەكتېرلەشكە بولىدۇ: ئۇ ئەقلىيلىككە قارشى، ئەركىنلىككە قارشى، مۇھاپىزەتچىلىككە

قارشى، كاپىتالىزمغا قارشى، كاپىتالىستلارغا قارشى، كوممۇنىزم قاتارلىقلارغا قارشى.

فاشىزم غەرب سىياسى ئەنئەنىسىنىڭ بىر قەدەر قاراڭغۇ تەرىپىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇ غەرب سىياسى ئىدىيىسىنىڭ يادرولۇق قىممىتىدىن ۋاز كەچكىنى يوق، بەلكى ئۇلارنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتكەن. فاشىستلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەركىنلىك پۇتۇنلەي بويسۇنۇشتىن، دېموكراتىيە ھاكىممۇتلەقلىكتىن، ئالغا بېسىش ئۇزلۇكسىز كۆرەش قىلىشتىن، ئىجاد قىلىش بىلەن گۇمران قىلىش بىر گەۋدە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap



# لىبېرالىزم

لىبېرالىزم شەخسنىڭ ئېتىقادى ۋە شەخسنىڭ مەنپەتىنى قاندۇرۇشنى ياكى شەخسنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان جەمئىيەت قۇرۇش ئېتىقادىنى ئاساسى تېما قىلغان سىياسى ئىدېئولوگىيەدۇر. يادرولۇق قىممەت: شەخسچىلىك، ئاقىلانىلىك، ئەركىنلىك، ئادالەت ۋە كەڭ قورساقلىق.

لىبېرالىزم — ئىنسان نېگىزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر ئەقلىيلىقتا ئىگە يەككىلىكتۇر. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەربىر ئادەم ئەڭ زور چەكتىكى ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، بارلىق ئادەملەرنىڭ ئەركىنلىكى سىغىشىدىغان ئەركىنلىكتۇر. گەرچە لىبېرالىستلار ھەممە ئادەم "تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر"، ھەممە ئادەم باراۋەر ئەخلاق قىممىتىگە ئىگە، شەكىل جەھەتتىكى پۇرسەتتىن باراۋەر ۋە تەڭ بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، دەپ قارىسىمۇ، بىراق ئۇلار يەنە شەخسنىڭ پاراستى ۋە خىزمەت ئىرادىسىنى ئاساس قىلىپ مۇناسىپ ھەققە ئېرىشىشى كېرەك دېگەننى ئومۇميۈزلۈك تەكىتلەيدۇ. ھەمدە شۇنىڭ ئۈچۈن لىبېرالىزملىق جەمئىيەت،كۆپ خىللىشىش ۋە كۆپ مەنبەچىلىكنى ئالاھىدىلىك قىلغان.

# ئىرقچىلىق

كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىرقچىلىق مۇنداق بىر خىل ئېتىقادتۇر، ئۇ سىياسى ۋە ئىجتىمائى يەكۈننىڭ ھەممىسى ”ئىنسانىيەت، بىئولوگىيەلىك پەرققە ئاساسەن نۇرغۇنلىغان ئىرقلارغا ئايرىلىشى كېرەك“ دېگەن ئىدىيەدىن يەكۈنلەپ چىقىرىلغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئىرقچىلىقنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسى ئىككى خىل: بىرىنچى، دۇنيادىكى ھەرمىللەتتە گىن ياكى نەسىل پەرقى تۈپتىن مەۋجۇت، شۇڭا ئىرقى پەرقىنىڭ ئەھمىيىتى بار. ئىككىنچى، بۇ گېنلارنى ئايرىش، مەدەنىيەت، ئەقىل ۋە ئەخلاق پەرقىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ، سىياسى ۋە ئىجتىمائى مۇھىملىقىغا ئىگە.

ئىرقچىلىقنىڭ سىياسىيدىكى مەۋقەسى، ئىرق ئايرىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش بولۇپ (مەسىلەن: جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئىرقىي ئايرىمچىلىق تۈزۈمى)، نەزەرىيىۋى پىرىنسىپتا، ئىرق ئۈستۈنلۈك نەزەرىيەسى بىلەن ئىرقى كەمسىتىش نەزەرىيەسىنى تەرغىب قىلىدۇ.

# كوممۇنىزم

«كوممۇنىزم» دېگەن سۆزنىڭ ئۈچ خىل ئوخشاش بولمىغان (بىراق ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك) قوللىنىش ئۇسۇلى بار: بىرىنچى، سىياسىي پرىنسىپ، بۇ پرىنسىپ جەمئىيەت ئەندىزىسى ياكى سىياسىي ھوقۇق تىپىنى ئاساس قىلىدۇ، مۇشۇنداق جەمئىيەت ياكى سىياسىي ھوقۇقنى تۇرغۇزۇشنى تۈپ مەقسەت قىلغان ئىدېئولوگىيە ھەرىكىتى. كوممۇنىزم جەمئىيەتتىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى قوغداش شەكلى، بولۇپمۇ مۈلۈكنىڭ ئومۇمىي ياكى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك ئىكەنلىكىنى قوغدايدۇ. مەسىلەن: ماركس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»دا كوممۇنىزم نەزەرىيەسىنى خۇلاسىلەپ ”خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى بىكار قىلىش“قىچە كۆرسەتكەن. جەمئىيەت ئەندىزىسى ياكى سىياسىي ھوقۇق تىپى بولغان كوممۇنىزمنىڭ ئىككى خىل نۇسخىسى بار. بىرىنچى نۇسخىسى ماركس، ئىنگلىس ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ ئەندىزىسى ماركس كاپىتالىزم ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ”پرولېتارىيات ئىنقىلابى دىكتاتورىسى“ نى ئاساسى ئالاھىدىلىك قىلغان ئۆتكۈنچى ”سوتسىيالىزم“ تەرەققىيات باسقۇچى بولىدۇ، سىنىپىي قارشىلىقنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ،پرولېتارىيات دىكتاتورىسى مۇكەممەل كوممۇنىزمغا تەرەققىي قىلىدۇ.

گەرچە ماركس كوممۇنىزم جەمئىيىتىنى مۇتلەق ئىنچىكە تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ يەنە بۇ جەمئىيەتتە بولىدىغان تۈپ ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ تەسۋىر قىلغان: ئۇ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدا قۇرۇلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭدا دۆلەت

بولمايدۇ، يەنى سىنىپىي سىستېما پۈتۈنلەي بىكار قىلىنىدۇ، دۆلەت ئاستا ـ ئاستا يوقىلىدۇ؛ ئۇ تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئىشلەپچىقارمايدۇ، بازار ئۈچۈن ئىشلەپچىقارمايدۇ، بەلكى ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىدۇ، خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىدۇ؛ ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يەنە بىر قەدەم تەرەققىي قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، چۈنكى پەن ـ تېخنىكا سىنىپىي ئىشلەپچىقىرىش كىشەنلىرىدىن ئازادلىققا ئېرىشىدۇ.

ئوخشىمىغان ئەمگەكچىلەرنى يېتىلدۈرۈپ، ئىجادچانلىقنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرىدۇ، ئىنساننىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## مىللەتچىلىك

مىللەتچىلىككە تەبىر بېرىشتىن بۇرۇن مىللەت دېگەن ئۇقۇمغا تەبىر بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىنگلىز تىلدىكى مىللەت دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى دۆلەت دېگەننىمۇ بىلدۈرگەچكە، مىللەتچىلىكنىڭ ئۆزى دۆلەتچىلىك دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

بىز بىلىدىغان ۋە ياكى بىلگەن مىللەت ئۇقۇمى، بۇ يەردە بىز چۈشەندۈرمەكچى بولغان مىللەتچىلىكنى تولۇق يېشىپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىشى مۇمكىن. بىز بىلىدىغان مىللەت ئۇقۇمى، كىشىلەر تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ئورتاق تىل، ئورتاق زېمىن، ئورتاق ئىقتىسادى تۇرمۇش ۋە ئورتاق مەدەنىيەت(كۇلتۇر)ئاساسىدا ئورتاق پسىخىك ساپانى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇقىم توپتىن ئىبارەت.

مىللەت تارىخ كاتېگورىيەسىدە پەيدا بولىدىغان،تەرەققىي قىلىدىغان ۋە يوقىلىدىغان بىر جەرياندۇر. مىللەت ئادەتتە بىر توپ كىشىلەر توپىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تارىخ ،مەدەنىيەت،ئورتاق ئەجدادقا باغلانغان بىر توپلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا تىل، مەدەنىيەت، دىن، زېمىن،تاشقى قىياپەت، ئەجداد، سوبيېكتىپ قاراش، مىللىيلىك ۋە مىللىي ھېسسىيات جەھەتلەردىكى ئورتاقلىقىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ.

مىللەتچىلىك بىرخىل سىياسى ئىدېئولوگىيە. ئۇ مىللەت، دۆلەت ۋە ئىرق قاتارلىق ئۇقۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدېئولوگىيەدۇر. مىللەتچىلىكنىڭ تەكىتلەيدىغىنى ـ مىللەت، ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ تۈپكى بىرلىكى،

مىللەت — دۆلەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىردىنبىر قانۇنلۇق ئاساسى، ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئۆزئالدىغا دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقى بار، دەپ قارايدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن مىللەتچىلىك دائىم ئۆزئارا ئارىلىشىپ كېتىدۇ. دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان ئالىملارنىڭ مىللەتچىلىك ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرى ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. ئامېرىكا ئالىمى خەنس كوين : مىللەتچىلىكنى ئالدى بىلەن بىرخىل ئىدىيە دەپ قاراش كېرەك، دەيدۇ. ئەنگلىيە ئالىمى ئېدۋارد كار: مىللەتچىلىك دائىم بىر ئادەم، ئىجتىمائى توپ ۋە مىللەتنىڭ بىر ئەزاسىنىڭ تونۇشىنىڭ ياكى ئۆز مىللىتىنىڭ كۈچى، بايلىق، ئەركىنلىك ئارزۇسىنىڭ ئىپادىلىنىشى، دەپ قارايدۇ.

مىللەتچىلىك پۇقراۋى مىللەتچىلىك (دېموكراتىزم ۋە راتسىئونالىزم ئەنئەنىسىدە شەكىللەنگەن)، ئىرقىي مىللەتچىلىك (ئېتنىك مىللەتچىلىك)، رومانتىك مىللەتچىلىكى،كۇلتۇرەل مىللەتچىلىكى، دۆلەت مىللەتچىلىكى (مەسىلەن: كامالىزم، تۈرك مىللەتچىلىكىگە ئوخشاش)، دىنى مىللەتچىلىك، مۇھاجىرەت مىللەتچىلىكى قاتارلىقلارغا تۈرلىنىدۇ.

مىللەتچىلىكنى ھازىر خەلقئارادا ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز مىللىتىگە مەپتۇن بولۇپ، باشقا مىللەتنى چەتكە قاقىدىغان پاسسىپ ئىدىيە، دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.cn



## 2. دۇنيادىكى تەسىرى زور تەشكىلاتلار

1648 ـ يىلىدىكى ۋېستفالىئان يىغىنى 30 يىللىق ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىپ، ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئى ۋە مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئارقىلىق، پاپىنىڭ نوپۇزىغا خاتىمە بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دۇنيا سىياسى تارىخىدا ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ئەڭ زور بولغان سىياسى تەشكىلات ـ دۆلەت ئۆزئارا رول ئوينايدىغان تارىخ باشلاندى.

دۆلەتنىڭ مەنپەئىتى، ئەمەلىي كۈچى ۋە نىشانى دۇنيا سىياسىيىسىنى ياراتتى. بىراق دۆلەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئورنى بارغانسېرى ئېغىر رىقابەتكە دۇچ كەلدى، دۇنيا ئىشلىرى كۆپ تەرتىپى كۈنسېرى دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىپ، ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلات ـــ يەرشارى خاراكتېرلىك خەلقئارا تەشكىلات (مەسىلەن: ب د ت) ۋە رايون خاراكتېرلىك تەشكىلات (ياۋروپا ئىتتىپاقى) نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. بۇ خەلقئارا تەشكىلاتلار مۇستەقىل تاشقى سىياسەت يۈرگۈزگەچكە، ھوقۇقلۇق يەرشارىنىڭ سۇبيېكتى بولۇپ قالدى، دەپ قارالماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا، شەخسلەر ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن پۇقرالارنىڭ شەخسى بىرلەشمىسىنى تەشكىل قىلىپ، خەلقئارا ئىشلاردا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. ھەرخىل دىن، مىللەتنى ئاساس قىلغان ھەمدە دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەر غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتنىڭ ۋەكىلىدۇر. بۇ غەيرىي ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ دائىرىسى ۋە نىشانىمۇ ھەرخىل بولۇپ، يەرشارىدا بارغانسېرى مۇھىم رول ئوينىماقتا. بىز دۇنيادىكى تەسىرى زور تەشكىلاتلارنى ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلاتلار ۋە ھۆكۈمەتتىن خالىي تەشكىلاتلار دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىپ تونۇشتۇرىمىز.

## ھۆكۈمەتلەرئارا تەشكىلاتلار (Intergovernmental Organization) IGO

ئەزالىرى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى بولغان تەشكىلاتلار — ھۆكۈمەتلەرئارا تەشكىلاتلار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق تەشكىلاتلار 20-ئەسىردىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە تېز ئومۇملاشتى. مەسىلەن : 1909-يىلى ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلاتتىن 37 سى بار ئىدى. 1960 -يىلىغا كەلگەندە 154 كە، 2006-يىلىغا كەلگەندە 245 كە كۆپەيدى.

ھەرقايسى دۆلەتلەر قۇرغان ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلاتنىڭ مەقسىتى ئۇلار دۇچ كەلگەن ئورتاق مەسىلىنى ھەل قىلىشتۇر. ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلات بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان نوپۇزغا ئىگە. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلات غەيرى ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلاتتىن تېخىمۇ مۇھىم. چۈنكى ئۇنىڭ ئەزالىرى دۆلەت، شۇڭا ئۇلار دۆلەت قارار قىلغان، يەر شارى قاتلىمىدىكى دۆلەتلەر ئارا سىستېمىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلاتلارنىڭ كۆپىيىشى خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ئۆزئارا تەكرارلىنىشىدەك مۇرەككەپ تورنى شەكىللەندۈردى. بۇ خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە تاقابىل تۇرۇش دائىرىسى كېڭەيدى. ئۇلار ئوخشاش بولمىغان ساھەلەردە مەسىلەن : سودا، دۆلەت مۇداپىئەسى، ئىقتىسادى تەرەققىيات ،يېزا ئىگىلىك، ساغلاملىق، مەدەنىيەت، كىشىلىك ھوقۇق، سەنئەت، زەھەر، ساياھەت، ئەمگەك كۈچى، ئاياللارنىڭ ئەھۋالى، مائارىپ، مۇھىت، جىنايەت، ئىنسانى ياردەم، كىرزىسلارغا ياردەم قىلىش، ئالاقە،ئىلىم-پەن، يەرشارىلىشىش، كۆچمەنلەر ۋە مۇساپىرلار قاتارلىق ساھەلەردە بىر-بىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قوللىنىدۇ.

بىز تۆۋەندە بىر قىسىم ئاساسلىق ۋەكىللىك خاراكتېردىكى ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلاتلارنى يەر شارى خاراكتېرلىك ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلاتلار ۋە رايون خاراكتېرلىك ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلاتلار دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىپ تونۇشتۇرىمىز.

## يەرشارى خاراكتېرلىك ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلاتلار

### بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئورنى ــ ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك شەھىرىنىڭ مانخاتتان رايونىنىڭ شەرقى دەريا ساھىلىدا ئەينەكتىن ياسالغان 39 قەۋەتلىك بىر بىنا ۋە بىر مۇنچە كۆركەم بىنالار بار. ئۇزۇنغا سوزۇلغان قورۇق تامنىڭ يېنىدا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت بايرىقى لەپىلدەپ تۇرىدۇ، ھازىرقى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئەڭ زور خەلقئارا تەشكىلاتى ــ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش شتابى ئەنە شۇ يەرگە جايلاشقان.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئەڭ داڭلىق يەرشارى خاراكتېرلىق تەشكىلات. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، دۇنيا خەلقىنىڭ گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيە فاشىزمىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشى غەلىبىسىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

1942 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق فاشىزمغا قارشى 26 ئىتتىپاقداش دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى ۋاشىنگتوندا «بىرلەشكەن دۆلەتلەر خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلىپ، ئۇرۇشتىن كېيىن «كەڭ ھەم ئەبەدىي ئومۇميۈزلۈك بىخەتەرلىك تۈزۈمى»نى ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ چاغدا «بىرلەشكەن دۆلەتلەر »فاشىزمغا قارشى دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمى ئاتىلىشى بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.cn



تېخى بىر خەلقئارالىق تەشكىلات ئەمەس ئىدى. كېيىن جۇڭگو، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، ئامېرىكا موسكۋادا يىغىن چاقىرىپ، ئومۇمىي خاراكتېرگە ئىگە بىر خەلقئارالىق تەشكىلات قۇرۇشنى زۆرۈر، دەپ قارىدى.

1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا جۇڭگو، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق 51 دۆلەت سان ـ فرانسىسكودا بىرلەشكەن دۆلەتلەر يىغىنىنى ئۆتكۈزدى (پولشا بۇ يىغىنغا قاتناشمىدى، لېكىن ئۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى قۇرغۇچى دۆلەت، دەپ قارالدى ).

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باشقا كۆپ ساندىكى ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلاتتىن پەرقى شۇكى، ئۇنىڭ ئەزالىرى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىغان بولۇپ، ھەرقايسى رايونلاردىن كەلگەن 191 مۇستەقىل دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1945 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى دۇنياغا كەلگەندە، پەقەت 51 لا ئەزا دۆلەت بار ئىدى؛ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئەزا دۆلەتلەر تۆت ھەسسە كۆپەيدى. بىراق يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش تەرتىپى دائىمىي ئەزا بەش چوڭ دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەت ئەھۋالى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

پرىنسىپ جەھەتتە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قائىدىسى ۋە پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا بولسا بولىدۇ. بىراق چوڭ دۆلەتلەر ھەمىشە ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىشنى ئويلىشىپ قارار قىلىدۇ. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدە ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆز رەقىبلىرى بىلەن ئىتتىپاقلاشقان دۆلەتلەرنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا كىرگۈزمىگەن. پاكىستاننىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا كىرىش جەريانى دەل مۇشۇنداق سىياسى

توسالغۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ دەلىلىدۇر.

## بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئاساسى مەقستى نېمە ؟

«بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسى»نىڭ بىرىنچى ماددىسىدا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئاساسى مەقستى: خەلقئارا تىنچلىق ۋە بىخەتەرلىكنى قوغداش؛ خەلقئارادىكى خەلقنىڭ مىللىي باراۋەرلىك هوقۇقىغا ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش پرىنسىپىغا هۆرمەت قىلىش ئاساسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋەتىنى راۋاجلاندۇرۇش؛ خەلقئارا هەمكارلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق، خەلقئارادىكى ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، مەدەنىيەت ۋە ئىنسانىيەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىنى ئالغان خەلقئارا مەسىلىلەرنى هەل قىلىش؛ هەرقايسى ئەللەرنىڭ پائالىيىتىنى ماسلاشتۇرىدىغان مەركەز بولۇشتىن ئىبارەت، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن.

## بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پرىنسىپى نېمە ؟

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئاساسى مەقستىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، نىزامنامىدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئۆزى ۋە ئەزا دۆلەتلەر ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلارنى بەلگىلىگەن. ئۇ بولسىمۇ هەرقايسى ئەزا دۆلەتلەر ئىگىلىك هوقۇقتا باراۋەر بولۇش؛ نىزامنامىدە بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش؛ خەلقئارادىكى تالاش ـ تارتىشلارنى تىنىچ يول بىلەن هەل قىلىش؛ باشقا دۆلەتلەرگە قورال كۈچى بىلەن تەهدىت سېلىش ياكى قورال كۈچى ئىشلىتىشنى مەنئىي قىلىش؛ كوللېكتىپ هەمكارلىشىش؛ ئەزا بولمىغان دۆلەتلەرنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىشىغا هەقىقى كاپالەتلىك قىلىش؛ هەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ ئىچكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap



ئىشلىرىغا ئارلاشماسلىق.

## بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئاپپاراتلىرى

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا چوڭ يىغىن، خەۋپسىزلىك كېڭىشى، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائى كېڭەش، ۋاكالىتەن باشقۇرۇش كېڭىشى، خەلقئارا سوت مەھكىمىسى، كاتىبات باشقارمىسىدىن ئىبارەت ئالتە ئاساسلىق ئاپپارات تەسىس قىلىنغان.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى چوڭ يىغىنى — بارلىق ئەزا دۆلەتلەردىن تەركىب تاپقان مۇھاكىمە ئاپپاراتى بولۇپ، يىلدا بىر قېتىم 9-ئاي ئەتراپىدا ئۆتكۈزىلىدۇ. ھەربىر ئەزا دۆلەت بىر ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە. چوڭ يىغىنىنىڭ مۇھىم ئىشلار، مەسىلەن: تىنچلىق ۋە بىخەتەرلىك، يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش ۋە خامچوت ئىشلىرى توغرىسىدىكى قارارى ئۆچتىن ئىككى قىسىم كۆپ سانلىقنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتۈشى كېرەك.

خەۋپسىزلىك كېڭىشى — جۇڭگو، فرانسىيە، روسىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكىدىن ئىبارەت بەش دائىمى ئەزا دۆلەت ۋە ئون پەۋقۇلئاددە ئەزا دۆلەتتىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇ خەلقئارا تىنچلىق ۋە بىخەتەرلىكنى قوغداش يۈزىسىدىن ھەرىكەت قوللىنىشقا ھوقۇقلۇق بىردىنبىر ئاپپاراتتۇر. خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە خەلقئارا مەسىلىلەرنى كېلىشتۈرۈش ۋە كىسىم قىلىشتا دائىمىي ئەزا بەش دۆلەت بىرلىككە كېلىش پىرىنسىپى يولغا قويۇلغان، يەنى ھەربىر قارارغا دائىمىي ئەزا دۆلەتلەردىن بىرىلا رەت قىلىپ ئاۋاز بەرسە، ئۇ قارار ماقۇللانمايدۇ.

ئىقتىسادى، ئىجتىمائى كېڭەش — 54 ئەزا دۆلەتتىن

تەركىب تاپىدۇ. ئۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يىغىنىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىقتىسادى، ئىجتىمائى جەھەتتىكى پائالىيەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ.

ۋاكالىتەن باشقۇرۇش كېڭىشى — ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقان چاغدا تېخى مۇستەقىللىققا ئېرىشمىگەن ياكى دۇشمەن دۆلەتلەردىن كېسىۋېلىنغان زېمىنىنى باشقۇرۇپ، ۋاكالىتەن باشقۇرغان زېمىنىنىڭ ئاپتونومىيەگە ياكى مۇستەقىللىققا قاراپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مەسئۇل ئىدى. ئۇنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى 1994 ـ يىلى ئورۇندىلىپ بولدى.

خەلقئارا سوت مەھكىمىسى — بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەلقئارا تالاش ـ تارتىشلارنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە، تەسىس قىلغان ئەدلىيە ئاپپاراتى. ئۇنىڭ ئورگىنى گوللاندىيەنىڭ گائاگا دېگەن يېرىدە. ئۇ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلارنى ھەل قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇ 15 سوتچىدىن تەركىب تاپىدۇ.

كاتىباتلىق باشقارمىسى — بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ھەرقايسى ئاپپاراتلىرىنىڭ مەمۇرىي — كاتىباتلىق ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان ئاپپارات. باش كاتىپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مەمۇرىي باشلىقى، ئۇنى خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى تەيىنلەيدۇ، ئۇنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بەش يىل بولىدۇ. ئۇ زور خەلقئارا سىياسى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، باش كاتىپتىن سەككىزى ۋەزىپە ئۆتىدى.

www.uyghurkitap.com



## بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ رولى

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى — دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، خەلقئارا جىددىي ۋەزىيەتنى پەسەيتىش ۋە رايون خاراكتېرلىك توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى — خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىمۇ مەلۇم مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

## دۇنيا سودا تەشكىلاتى

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، نۇرغۇن دۆلەتلەر سودا قورۇقچىلىقىغا زەربە بېرىپ، ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيا ئىقتىسادىنى قوغداش ئۈچۈن، ئالاھىدە بىر يىغىن ئېچىشقا جىددىي ئېھتىياجلىق بولدى. 1944-يىلىدىكى جەنۋە يىغىنىدا، 23 دۆلەت مۇنازىرە قىلىش ئارقىلىق، ئىككى تەرەپ چېگرا بېجى مەسىلىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى، ھەمدە «چېگرا بېجى ۋە سودا ئومۇمىي كېلىشىمى» دەپ ئاتالغان بۇ كېلىشىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاتىرىسىگە كىرگۈزدى. ئۇ سودا ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان تۈزۈمگە ئايلاندى.

دۇنيا ئىقتىسادى ئەھۋالى ناچارلىشىۋاتقان چاغدا، »چېگرا بېجى ۋە سودا ئومۇمىي كېلىشىمى «رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، سودا چېگرا بېجى قورۇقچىلىقى تەركىبىنى ناھايىتى قاتتىق بىر تەرەپ قىلدى. بۇ مەسىلىلەر كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ رەسمىي بىر ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلات قۇرۇپ، دۇنيا سودىسى ۋە كۇنسېرى تەھدىت ئېلىپ كېلىۋاتقان ئىقتىسادى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش كېرەكلىكىنى تونۇتتى. دۇنيا خاراكتېرلىك ئىقتىسادنىڭ چېكىنىشى ئەڭ ئاخىرى «چېگرا بېجى ۋە سودا ئومۇمىي كېلىشىمى»نىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئايلىنىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بولدى. 1986-يىلى «چېگرا بېجى ۋە سودا ئومۇمىي كېلىشىمى» ئۇراگۋايدا ئۇچرىشىپ سۆھبەتلىشىشكە باشلىدى. ئۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشى ۋە كوممۇنىزمنىڭ روسىيە ۋە شەرقى ياۋروپادا تەختتىن چۈشۈشىنىڭ زور تەسىرىگە ئۇچرىدى. روسىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋە شەرقى ياۋروپادىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئىقتىسادى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى ھەمدە «چېگرا بېجى ۋە سودا ئومۇمىي كېلىشىمى»گە كىرىشنى ئىلتىماس قىلدى. خۇددى نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ھۆكۈمەتلەرئارا تەشكىلاتنىڭ بارلىق باشقا مۇھىم قارارلىرىغا ئوخشاش دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشىمۇ،ئامېرىكا ۋە «يەتتە دۆلەت گورۇھى»دىكى باشقا ئاساسلىق ئەزالار (ياپونىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، كانادا ۋە ئىتالىيە)نىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئۇراگىۋايدىكى سۆھبەت 1993 ـ يىلى ئاخىرلاشتى. «چېگرا بېجى ۋە سودا ئومۇمىي كېلىشىمى»دىكى ئەزا دۆلەتلەر بۇ ۋاقىتلىق تەشكىلاتنىڭ بىر مەڭگۈلۈك «دۇنيا سودا تەشكىلاتى»غا ئورۇن بېرىشىنى قارار قىلدى. «دۇنيا سودا تەشكىلاتى» 1995 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى رەسمىي ئىشقا كىرىشتى. ئامېرىكا يېڭى تەشكىلاتنىڭ بىر شەرتنامە تۈزۈشكەن دۆلەتكە ئايلاندى. ئەينى ۋاقىتتا ئەزا ئەمەس دۆلەتلەر، مەسىلەن : جۇڭگو (2002 ـ يىلى ئەزا بولۇپ كىرگەن) دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزالىققا ئىلتىماس قىلغان «تېز يول» قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ئون يىل كىچىكتۈرۈلگەندىن كېيىن 2005 ـ يىلى يېڭىدىن ئىلتىماس قىلىشقا يول قويۇلدى، بۇ يول قويۇش دۇنيا سودا تەشكىلاتىنى ئەزالىرىنى149غا كۆپەيتتى. 2007 ـ يىلى ۋېيتنام 150 ـ ئەزا دۆلەت بولدى.

«دۇنيا سودا تەشكىلاتى» نىڭ مەقسىتى — دۇنيا سودىسىنى ئىدارە قىلىش. ئۇ «چېگرا بېجى ۋە سودا ئومۇمىي كېلىشىمى»نىڭ ئىقتىدار جەھەتتە ماسلاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى كاتىباتلىق خىزمىتى ئوخشىمايدۇ. دۇنيا سودا تەشكىلاتى بىر پىشقان ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلات بولۇپ، رەسمىي بۆلۈم دەرىجىلىك قارار چىقىرىش ئورگىنىنى ھازىرلىغان. ئۇ باراۋەر سودىنى قوغدايدىغان ساقچى بولۇش سۈپىتى بىلەن

تەشكىللەنگەن. سودا شېرىكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بېرىلگەن، ھەمدە پرىنسىپىنى يۇرگۈزۈش مەرتىۋىسىگە ئىگە. بۇلار دۇنيا سودا تەشكىلاتىنى سوت مەھكىمىسىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان بولۇپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ قائىدىسى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا 150دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى ئۈچىنچى تەرەپ سۈپىتىدە ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە.

«سودىنىڭ ئىمكانقەدەر مۇقۇملىقىغا، مۆلچەرلىگەندەك ۋە ئەركىن ئېقىشىغا كاپالەتلىك قىلىش» دۇنيا سودا تەشكىلاتى جاكارلىغان يادرولۇق نىشاندۇر. دۇنيا سودا تەشكىلاتى باشتىن - ئاخىر ئۆز كۈن تەرتىپى ۋە ھوقۇقىنى كۆڭۈلدىكىدەك كېڭەيتىش ئۈچۈن، سودا قوروۇقچىلىقىنى ئازايتىش ھەمدە يېڭى تەكلىپ ئارقىلىق تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تىرىشتى. ئۇنىڭ مەقسىتى دېھقانچىلىق، مۇلازىمەت ۋە ئەنئەنىۋى تارماقلارنىڭ چېگرا بېجىنى تۆۋەنلىتىش بولۇپلا قالماستىن، يەنە بىلىم - مۈلۈك ھوقۇقىدەك ساھەلەرگىمۇ كېڭەيدى. دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ نۆۋەتتىكى نىشانى: ھەرقايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە ئالاھىدە رايونلار ياكى ئەركىن سودا گۇرۇھلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بار بولغان ئەركىن سودا كېلىشىملىرىدىن ھالقىش، بىر گەۋدىلەشكەن، كەڭ كۆلەملىك دۇنياۋى ئەركىن ياكى ئەركىن سودا سىستېمىسى تەشكىللەشتىن ئىبارەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap



## دۇنيا بانكىسى

دۇنيا بانكىسىنىڭ تولۇق ئاتىلىشى خەلقئارا گۈللىنىش ئېچىش بانكىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 1944 ـ يىلى 7 ـ ئايدا يېڭى هامپشىر ئىشتاتى بىرتون ئورمانلىقىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پۇل ۋە مالىيە يىغىنى ئاچتى. بۇ يىغىنغا 44 دۆلەت قاتناشتى. بۇ يىغىندا دۇنيا بانكىسى قۇرۇلدى. 1946 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تىجارەت باشلىغان. 1947 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن باشلاپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مەخسۇس ئورگىنىغا ئايلانغان. ئۇنىڭ مەقسىتى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن قايتا قۇرۇشنى قوللاش هەمدە «تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىهەلىرى تەرەققىياتى ۋە بايلىق مەنبەسى» ئۈچۈن قەرز بېرىش ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلەش ئىدى.

باش بانكىسى ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتوندا، پارىژ، نيۇيورك، لوندون قاتارلىق جايلاردا ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش ئورنى بار.

دۇنيا بانكىسى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ ۋەيران بولغان سانائىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە زور مىقدارلىق قەرز سوممىسى بىلەن تەمىنلەپ، هەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقتىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان. 2006 ـ يىلى دۇنيا بانكىسى هەر قايسى تەرەققىي قىلمىۋاتقان ئەللەرنى 30 مىليارد دوللاردىن ئارتۇق قەرز پۇل بىلەن تەمىنلەپ دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى، دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۆرتكە بولدى. دۇنيا بانكىسى يەنە دۇنيانىڭ مەدەنىيەت تارىخى ۋە يەرلىك

مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىسىنى ساقلاش ئۈچۈن، مەخسۇس فوند ئاجرىتىپ دۇنيانىڭ كۆپ خىللىقى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن كۈچ قوشۇپ كەلمەكتە.

دۇنيا بانكىسىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىغا مەبلەغ سېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەزا دۆلەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى، جۈملىدىن ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىغا ئۇچرىغان ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەملىشىش، ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئىقتىسادنىڭ ئادەتتىكى ئىقتىساد ھالىتىگە ئاسانراق ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىش؛ «خۇسۇسىي قەرز ئېلىشقا كېپىل بولۇش» قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، خۇسۇسىيلارنىڭ دۆلەت سىرتىغا مەبلەغ سېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئەزا دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا سودا ئىشلىرىنىڭ تەڭپۇڭ راۋاجلىنىشى ۋە خەلقئارا كىرىم-چىقىمنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەملىشىش؛ پۇل قەرز ئالغان تەرەققىي قىلمىۋاتقان دۆلەتلەرگە تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىپ، قەرز مەبلىغىنى ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش قاتارلىقلار.

ئۇنىڭ مەبلىغىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئاساسەن: ئەمەلىي يىغىۋالغان مەبلەغ؛ زايوم تارقىتىپ مەبلەغ توپلاش قاتارلىقلار مەبلەغنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەسى، مۇشۇ قەرز قاتارلىق تۈرلەرنىڭ ھەقدارلىق ھوقۇقى خۇسۇسىي مەبلەغ سالغۇچىلارغا سېتىپ بېرىلىدۇ.

دۇنيا بانكىسىغا ئەزا بولۇشنى ئىلتىماس قىلغان دۆلەت ۋە رايونلار، ئالدى بىلەن خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ ئەزا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دۆلەتتى بولۇشى كېرەك. دۇنيا بانكىسىغا ئەزا بولغان دۆلەت ۋە رايونلار ھازىر 184گە يەتتى. 1980ـ يىلى 5ـ ئاينىڭ 15ـ كۈنى دۇنيا بانكىسى خىتاينىڭ بۇ بانكىدىكى ۋەكىللىك ھوقۇقىنى رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈردى، 1981ـ يىلى 6ـ ئايدىن باشلاپ، خىتاي بۇ بانكىدىن تەدرىجىي قەرز ئېلىشقا باشلىغاندىن بۇيان، تارىم ۋادىسى ئېكولوگىيەسىنى ساقلاش، 12 مۇقامنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خىتاينىڭ قەدىمكى شەكىلسىز مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى قوغداشقا جەمئىي 78مىليارد دوللار ئۆسۈمسىز ۋە تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز بەردى.

دۇنيا بانكىسىنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى كېڭەش مەجلىسى بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەر تەيىنلىگەن بىردىن باش ۋە مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقىدىن تەشكىللىنىدۇ، ھەر يىلى 9ـ ئايدا فوندى تەشكىلاتى بىلەن بىرلەشمە يىغىن چاقىرىدۇ. ئىجرائىيە مۇدىرىيىتى 22 ئادەمدىن تەشكىللىنىدۇ ھەم كۈندىلىك خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولىدۇ، ئىجرائىيە مۇدىرىيىتى بىر كىشىنى سايلايدۇ ۋە بۇ كىشى بانكا باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بەش يىل، ئۇدا ۋەزىپە ئۆتىسىمۇ بولىدۇ. دۇنيا بانكىسىنىڭ يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىل ـ مەدەنىيىتى مۇقەددەس جايلىرى (مازار ۋە قەبرىستانلىق، دىنى ئېتىكاپ ۋە مەشھۇر شەخسلەر مۇزېيى)، بىلىم ـ مۈلۈك ھوقۇقى (ئەنئەنىۋى تېبابەت ۋە سانائەت پاتېنتلىرى)، ساياھەت ـ خەرىتە ئىشلەش ۋە مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنى تۈزۈشكە كېرەكلىك يەرلىك مىللەتلەر مەدەنىيەت مەۋجۇتلۇقىنى قوللاش قەرز تۈرى سۆزلەنگەن.

# خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى دۇنيادا دۆلەت ھالقىغان پۇل تېگىشىش قائىدىسىنى تۈزۈم مېخانىزمى ئارقىلىق تەرتىپلىك باشقۇرۇش كەمچىل بولغاچقا، بەزى دۆلەتلەر ئورۇنسىز زىيان تارتتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشاي دېگەندە، ئامېرىكا رەھبەرلىكىدىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر 1944 ـ يىلى 7 ـ ئايدا يىغى ھامپىشىر ئىشتاتى بىرتون ئورمانلىقىدىكى يىغىندا خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى (دۇنيا بانكىسى بىلەن بىرلىكتە) نى قۇرۇپ، خەلقئارا پېرېۋوت نىسبىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى كۆپ تەرەپلىك مەسىلىنى كۆپ تەرەپلىك ھەل قىلىش لايىھەسىنى تېپىپ چىقىپ، شەخسىيەتچىلىك، ”قوشنىسىغا ئورا كولاش“ ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە پۇلنى پاخال قىلىش قاتارلىق قىلمىشلارنىڭ داۋاملىشىشىنى توسۇش. يۇقىرىقى قىلمىشلار 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا دۇنيا ئىقتىسادىنى ۋەيران قىلغانىدى. خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ فۇنكسىيەسى يەرشارى خاراكتېرلىك سودا ئەركىنلىكى تۈزۈمى ئورنىتىش، پۇل پېرېۋوت نىسبىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش؛ بۇ تەشكىلات ئالدى بىلەن باي چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن تەرتىپلىك پۇل ئالاقىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئاندىن قالسا مالىيە كىرىزىسىغا ئۇچرىغان نامرات دۆلەتلەر ۋە باي دۆلەتلەرنى ئەڭ ئاخىرقى قۇتقۇزۇش قەرزى بەرگۈچى سالاھىيىتى بىلەن ئويلىشىدۇ.

يۇقىرىقىلار خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ دەسلەپتە قۇرۇلۇشىنىڭ سەۋەبلىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، يەرشارى

بازىرى كېڭەيدى، بارلىق دۆلەتلەر ئىقتىسادى جەھەتتە ئۆزئارا تايىنىدىغان ياكى يەرشارىلىشىش دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. نەتىجىدە خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقىتتىكى شەرتى يوقالدى. يەرشارى ئۆزگىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى تەدرىجىي ئۆزگىرىپ يېڭى رول ئالدى.

بۈگۈنكى كۈندە، خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى سىستېمىسىدىكى 16 مەخسۇس ئورگاننىڭ بىرىدۇر. خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىغا ھەربىر ئەزا دۆلەتنىڭ كېڭەش يىغىنىدا ۋەكىلى بولىدۇ، كېڭەش يىغىنى ھەريىلى يىغىن چاقىرىپ، ئومۇمىي سىياسەت بەلگىلەيدۇ. دائىمىي ئىشلارغا 22 ئەزا دۆلەتنىڭ ئىجرائىيە مۇدىرىيىتى مەسئۇل بولىدۇ. ئىجرائىيە مۇدىرىيىتىدە بىر نەپەر ئىجرائىيە مۇدىرىيەت رەھبىرى بولىدۇ، ئۇ شۇنداقلا يەنە 2000گە يېقىن خادىمنىڭ رەھبىرى بولىدۇ.

## خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى مەبلەغقە قانداق ئېرىشىدۇ؟

بۇ كۈچلۈك پۇل مۇئامىلە ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلاتى ئەزا دۆلەتلەردىن ئايلانما مەبلەغكە ئېرىشىدۇ. ئىئانە (ئۆز نۆۋىتىدە بىلەت تاشلاش ھوقۇقى) بىر دۆلەتنىڭ مىللىي دارامىتىگە، پۇل تارقىتىش تەييارلىق فوندى ھەمدە سودا تەڭپۇڭلۇق ئەھۋالىغا ئاساسەن بېكىتىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىدا بىلەت تاشلاش ئالاھىدە بىر ھوقۇقتۇر. بىلەت تاشلاش ھوقۇقى بىر دۆلەتنىڭ خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىغا ئىئانە قىلغان پۇل سوممىسى نىسبىتى ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ، ئارتۇق بىلەت تاشلاش ھوقۇقى باي دۆلەتلەرنى

تېخىمۇ چوڭ بايانات ھوقۇقىغا ئىگە قىلىدۇ.

## خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق نىشانى نېمە ؟

خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق نىشانى — خەلقئارا پۇل پىرىۋوتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. پۇل پىرىۋوتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ھەمدە خەلقئارا سودىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن باشقا، خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق نىشانى كېلىشىمدە پۈتۈلگەن مۇنداق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ :

- خەلقئارا پۇل ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش
- خەلقئارا سودىنىڭ كېڭىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش
- پۇل پېرېۋوت مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش
- كۆپ تەرەپلىك تۆلەم سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش
- ئەزا دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىغا ئىشەنچىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش
- پايدىلانغىلى بولىدىغان ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى تەقسىملەش
- ئەزا دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا كىرىم ـ چىقىمدىكى تەڭپۇڭسىز داۋاملىشىش ۋاقتىنى قىسقارتىش ھەمدە دەرىجىسىنى ئاجىزلىتىش.
- نۆۋەتتە خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىغا 185 دۆلەت ئەزا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap



## دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى (World Health Organization)

دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ب د ت قارمىقىدىكى بىر مەخسۇس ئورگان، پەقەت ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەرلا ئەزا بولالايدىغان، خەلقئارادىكى ئەڭ چوڭ ھۆكۈمەتلەر ئارا سەھىيە تەشكىلاتىدۇر. ھازىر 194 دۆلەت ئەزا. 1946-يىلى خەلقئارا سەھىيە يىغىنى «دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى تەشكىلات قانۇنى»نى ماقۇللىدى. 1948-يىلى 4-ئاينىڭ 7-كۈنى دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇنداق قىلىپ ھەريىلى 4-ئاينىڭ 7-كۈنى يەرشارى خاراكتېرلىك ”دۇنيا سەھىيە كۈنى“ قىلىپ بېكىتىلدى.

### دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ قانداق ۋەزىپىسى بار ؟

- خەلقئارا سەھىيە خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ماسلاشتۇرۇش
- ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن، دۆلەتنىڭ سەھىيە ئىشلىرى ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش، تېخنىك ياردىمى بىلەن تەمىنلەش ؛
- خەلقئارا خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىك ئىلمىي ۋە سەھىيە ئىستاتىستىكا كەسپىگە رىياسەتچىلىك قىلىش ؛
- يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر، يەرلىك كېسەللىكلەر ۋە باشقا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش .
- ئىش ئورنىدا يارىلىنىش ھادىسىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمدە ئوزۇقلۇق، تۇرالغۇ، پىلانلىق تۇغۇت ۋە روھىي ساغلاملىقنى ياخشىلاشنى ئىلگىرى سۈرۈش ؛

- خەلق ساغلاملىقىنى ياخشىلاش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىلمىي ۋە كەسپىي كوللېكتىپ ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش.
- خەلقئارا سەھىيە ئەھدىنامىسى، پىلان ۋە كېلىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇش؛
- بىئومېدىتسىنا (جانلىقلار تېبابىتى) تەتقىقات خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛
- تېبابەت مائارىپى ۋە تەربىيەلەش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛
- ئالاقىدار كېسەل، ئۆلۈم سەۋەبى ھەمدە ئاممىۋى سەھىيە ئەسلىھەلىرىنىڭ خەلقئارالىق ئىسمىنى بېكىتىش؛
- دىئاگنوز ئۇسۇلىنىڭ قېلىپلاشقان ئۆلچىمىنى بېكىتىش؛
- يېمەكلىك تازىلىقى، بىئولوگىيەلىك ياسالمىلار،دورا قاتارلىقلارنىڭ خەلقئارا ئۆلچىمىنى بېكىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش؛
- ھەرقايسى ئەل خەلقىگە سەھىيە تەشۋىقات تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ياردەم بېرىش؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## رايون خاراكتېرلىك ھۆكۈمەتلەرئارا تەشكىلاتلار

رايون خاراكتېرلىك ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلاتنىڭ نەمۇنىسى — **ياۋروپا ئىتتىپاقى**

## ياۋروپا ئىتتىپاقى قانداق بارلىققا كەلگەن؟

ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بىر گەۋدىلىشىش مۇساپىسى 1952 ـ يىلى ياۋروپا كۆمۈر ـ پولات ئورتاق گەۋدىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن باشلانغان. 1952 ـ يىلى 7 ـ ئايدا فرانسىيە، فېدراتىپ گېرمانىيە، ئىتالىيە، گوللاندىيە، بېلگىيە، ليۇكسېمبۇرگ قاتارلىقلار ياۋروپا كۆمۈر ـ پولات ئورتاق گەۋدىسىنى قۇردى. 1957 ـ يىلى 3 ـ ئايدا «ياۋروپا ئىقتىساد ئورتاق گەۋدىسى شەرتنامىسى» ۋە «ياۋروپا ئاتوم ئېنېرگىيەسى ئورتاق گەۋدىسى شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. ئۇلار دەسلەپكى قەدەمدە، سودا ۋە تەرەققىياتقىلا ئېتىبار بېرەتتى. 1967 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ياۋروپا كۆمۈر ـ پولات ئورتاق گەۋدىسى، ياۋروپا ئىقتىساد ئورتاق گەۋدىسى ۋە ياۋروپا ئاتوم ئېنېرگىيەسى ئورتاق گەۋدىسىنىڭ ئاساسلىق ئاپپاراتلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى دەپ ئاتالدى. 1973 ـ يىلى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى تۇنجى قېتىم كېڭىيىپ، ئەنگلىيە، دانىيە ۋە ئىرلاندىيە قوشۇلدى. 1981 ـ يىلى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى 2 ـ قېتىم كېڭىيىپ گرېتسىيە قوشۇلدى. 1986 ـ يىلى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى 3 ـ قېتىم كېڭىيىپ ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيە قوشۇلدى.

## ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى قانداق بولۇپ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئايلاندى ؟

1991 ـ يىلى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى باشلىقلىرى يىغىندا «ياۋروپا ئىتتىپاقى شەرتنامىسى» ماقۇللاندى ھەمدە 1993 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رەسمىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئۆزگەردى. 1995 ـ يىلى ياۋروپا ئىتتىپاقى 4 ـ قېتىم كېڭەيدى.

2004 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ياۋروپا ئىتتىپاقى 5 ـ قېتىم كېڭەيدى. بۇ ياۋروپا ئىتتىپاقى كۆلىمىنىڭ ئەڭ زور بىر قېتىملىق كېڭىيىشى بولۇپ، 10 دۆلەت قوشۇلدى.

2007 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، رۇمىنىيە ۋە بۇلغارىيە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا رەسمىي ئەزا دۆلەت بولدى. بۇ ياۋروپا ئىتتىپاقى تارىخىدىكى 6 ـ قېتىملىق كېڭىيىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2013 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، كىرودىيە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا رەسمىي ئەزا دۆلەت بولدى.

يېرىم ئەسىرلىك تەرەققىيات ئارقىلىق، 2013 ـ يىلى 7 ـ ئايغا كەلگەندە، ياۋروپا ئىتتىپاقى 28 دۆلەت، تەخمىنەن 485 مىليون نوپۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غايەت زور كۈچكە ئايلىنىپ، بۈگۈنكى دۇنيادىكى بىر گەۋدىلىشىش دەرىجىسى ئەڭ زور رايون خاراكتېرلىك تەشكىلات بولۇپ قالدى.

## ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسى مەقستى نېمە ؟

«ياۋروپا ئاساسى قانۇنى شەرتنامىسى » دا ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسى مەقسىتى ــ ئورتاق گەۋدە شەكلىدە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش؛ تىنچلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، پۇقرالارنى باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش؛

www.uyghurkitap.com



جەمئىيەتنىڭ، ئىقتىسادنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ ئاساسى قىممەت ئۆلچىمىگە ھەقىقى كاپالەتلىك قىلىش؛ خەلقئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، دەپ بەلگىلەنگەن.

# شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئەسلى 1996-يىلى 4-ئاينىڭ 26-كۈنى خىتاي، روسىيە ،قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستاندىن تەركىب تاپقان « شاڭخەي بەش دۆلەت» ئۇچرىشىش مېخانىزمى بولۇپ، 2001 - يىلى 6 - ئاينىڭ 14-كۈنىدىن15-كۈنىگىچە «شاڭخەي بەش دۆلەت» باشلىقلىرى شاڭخەيدە 6 - قېتىم ئۇچراشتى، ئۆزبېكىستان پۈتۈنلەي باراۋەر سالاھىيەت بىلەن «شاڭخەي بەش دۆلەت يىغىنى» غا ئەزا بولدى. بۇ شاڭخەي ئالتە دۆلەتنىڭ تۇنجى قېتىملىق يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئۇچرىشىشى بولۇپ قالدى ھەمدە 6-ئاينىڭ 15-كۈنى «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» قۇرۇش خىتابنامىسىنى ئىمزالىدى. شۇنىڭ بىلەن شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى رەسمىي قۇرۇلۇپ ئالتە دۆلەت باشلىقلىرى «تېررورىزم، بۆلگۈنچىلىك ۋە چېكىدىن ئاشقان ئاشقۇنىزم كۈچلىرىگە زەربە بېرىش شاڭخەي ئەھدىنامىسى»نى ئىمزالىدى.

2001-يىلى 6-ئاينىڭ 15-كۈنى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى شاڭخەيدە رەسمىي قۇرۇلدى. 2001 - يىلى 9 - ئايدا شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ئەزا دۆلەتلەر زۇڭلىلىرى ئالمۇتادا تۇنجى قېتىم ئۇچراشتى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ قەرەللىك ئۇچرىشىش مېخانىزمىنى رەسمىي جاكارلىدى.

2002 - يىلى 6 - ئاينىڭ 7-كۈنى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى روسىيەنىڭ

www.uyghurkitap.com



سانكىتپېتېربۇرگدا ئىككىنچى قېتىملىق يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئۇچرىشىشى ئۆتكۈزۈپ، «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى نىزامنامىسى»، «رايونلۇق تېرورىزىمغا قارشى ئورگاننىڭ بېتىمى ھەققىدە» ۋە «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلار باياناتى» قاتارلىق ئۈچ ھۆججەتنى ئىمزالىدى.

2003-يىلى 5-ئاينىڭ 29-كۈنى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى موسكۋادا ئۆتكۈزۈلدى. «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلار باياناتى»نى ئىمزالىدى. تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئىتى ھەققىدىكى تەپسىلى كېلىشىم، تەشكىلات بەلگىسى، باش كاتىپ سايلىمى قاتارلىق مەسىلىلەردە بىرلىككە كەلدى.

2004-يىلى 6-ئاينىڭ 17-كۈنى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ تۆتىنچى قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتتە ئۆتكۈزۈلدى ۋە كۆزەتكۈچى ئەزالىق مېخانىزمنى ئورناتتى. موڭغۇلىيە تۇنجى بولۇپ كۆزەتكۈچى دۆلەت سالاھىيىتىگە ئېرىشتى.

2005 - يىلى 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى 5 - قېتىملىق يۇقىرى دەرىجىلىكلەر يىغىنى قازاقىستاننىڭ پايتەختى ئاستانىدە ئۆتكۈزۈلدى، ئالتە دۆلەت باشلىقلىرى «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى خىتابنامىسى» قاتارلىق مۇھىم ھۆججەتلەرنى ئىمزالىدى، بېلورۇسىيە رەسمىي ئەزا بولۇپ كىردى. ئامېرىكا قاتارلىقلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرۇشلۇق ھەربىي بازىسىنى بىكار قىلىش چېكىنى بېكىتىشكە مۇراجىئەت قىلدى ھەمدە پاكىستان، ئىران، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ

كۆزەتكۈچىلىك ئورنىنى بەلگىلىدى.

2006 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ بەش يىللىقى، بەش دۆلەت ئۇچرىشىشىنىڭ 10يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلدى ۋە تۈرلۈك تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ ھەربىي مانېۋىر، سودا، نېفىت، بانكىلار ھەمكارلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىندى.

2007ـ يىللىق باشلىقلار يىغىنى قىرغىزىستان پايتەختى بىشكەكتە ئۆتكۈزۈلدى، بۇ قېتىملىق باشلىقلار ئۇچرىشىشىغا ئىران پىرىزدىنتى ئەھمەدى نىجاد، موڭغۇلىيە پىرىزدېنتى نامبارۇن ئىنخبايار قاتارلىقلار قاتناشتى. يىغىندا رايون بىخەتەرلىكى، رايون ھەمكارلىقى ۋە تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ساھەسىدە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىندى.

2008ـ يىللىق باشلىقلار يىغىنى تاجىكىستان پايتەختى دۇشەنبىدە ئېچىلدى، 2009ـ يىللىق باشلىقلار يىغىنى روسىيەنىڭ يېكاتېرىنبورگ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.

2012ـ يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى خۇجىنتاۋ، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرىنىڭ ئافغانىستاننى كۆزەتكۈچى دۆلەتلىككە، تۈركىيەنى دىئالوگلىشىدىغان ھەمراھ دۆلەتلىككە قوبۇل قىلغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ نەتىجىلىرى نېمە ؟

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ بۈگۈنگە قەدەر، ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدا مەدەنىيەت، سودا، ھەربىي ئىشلار، ئەدلىيە، بىخەتەرلىك قاتارلىق ساھەلەر ۋە ھەر قايسى قاتلاملار ئارا ھەمكارلىقنى قانات يايدۇردى. 11 ـ سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر مەزكۇر رايون تەۋەلىكىدىكى تېررورلۇق، ئاشقۇنىزم ۋە بۆلگۈنچىلىكىدىن ئىبارەت «ئۈچ خىل كۈچلەر»نى مەركەز قىلغان تېررورلۇققا قارشى ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇپ، ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا ئىشەنچىنى ئېخىمۇ كۈچەيتتى. شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئىزچىل تۈردە بۇ تەشكىلاتنىڭ ھېچقانداق دۆلەتكە قارىتىلمىغانلىقى توغرىلىق ئارقىمۇ ئارقا چۈشەنچە بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەزا دۆلەتلەر قاتناشقان «ھەمكارلىق 2007» نامىدىكى ھەربىي مانېۋىر روسىيەنىڭ چېلىيابىنسكى ئوبلاستىدا ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرى شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان، دەپ قاراپ كەلمەكتە.

## شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ كۆلىمى

شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىي زېمىنىنى ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ بەشتىن ئۈچ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. نوپۇسى 1 مىليارد 489 مىليون، تەخمىنەن دۇنيا نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ. ئىقتىسادى ئومۇمىي قىممىتى دۇنيا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي دارامىتىنىڭ 15%نى ئىگىلەيدۇ. خىزمەت تىلى خىتاي تىلى ۋە رۇس تىلى قىلىپ بېكىتىلگەن.

# شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى NATO

شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى قىسقارتىلىپ، «ش ئا ئە ت» ياكى NATO)Atlantic North Organization (Treaty ناتو دەپ ئاتىلىدۇ.

ش ئا ئە ت ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرىدىن تەشكىللەنگەن، تەشكىلاتىنىڭ ھەربىي قوماندانلىقىنى ئامېرىكا تەيىنلەيدىغان، ئىنگلىز ۋە فىرانسۇز تىلىنى ئاساسىي باشقۇرۇش تىلى قىلغان، باش ئىشتابى بېلگىيە پايتەختى بىريۇسسېلدا بولغان رايون خاراكتېرلىك ھەربىي تەشكىلات.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ ئۆز ئەللىرىگە سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە، 1949 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، كانادا، بېلگىيە، گوللاندىيە، دانىيە، نورۋېگىيە، پورتۇگالىيە، ليۇكسېمبۇرگ، ئىسلاندىيە، ئىتالىيەدىن ئىبارەت 12 دۆلەت ۋاشىنگتوندا «شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدىنامىسى» نى ئىمزالاپ، شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنى رەسمىي قۇردى.

1952 ـ يىلى گرېتسىيە ۋە تۈركىيە، 1955 ـ يىلى فېدراتىپ گېرمانىيە، 1982 ـ يىلى ئىسپانىيەلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بۇ تەشكىلاتقا كىردى. شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىدا مىنىستىرلار كېڭىشى، مۇداپىئە ئىشلىرى پىلان كومىتېتى ۋە ھەربىي ئىشلار كومىتېتى تەسىس قىلىنغان، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى، ئىشتاب

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



باشلىقلىرىدىن تەشكىللەنگەن. ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئاستىدا «ياۋروپا ئىتتىپاقداش ئارمىيەسى قوماندانلىق شتابى»، «ئاتلانتىك ئوكيان ئىتتىپاقداش ئارمىيەسى قوماندانلىق ئىشتابى» ۋە «دېڭىز بوغۇزى ئىتتىپاقداش ئارمىيەسى قوماندانلىق ئىشتابى»، ئۇنىڭدىن باشقا بىر «يادرو پىلانى گۇرۇپپىسى» تەسىس قىلىنغان. يۇقىرىدىكى ئۈچ قوماندانلىق ئشتابى ئىچىدە ئوتتۇرا، شىمالىي، جەنۇبىي ياۋروپا ئىتتىپاقداش ئارمىيەسى قوماندانلىق ئىشتابىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ياۋروپا ئىتتىپاقداش ئارمىيەسى قوماندانلىق ئشتابى» ئەڭ مۇھىم ئىشتابتۇر. شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقداش ئارمىيەسىنىڭ ئالىي قوماندانىنى ئامېرىكا بەلگىلەيدۇ. شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ ھەربىي قىسىملىرى ھەر يىلى ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ. شەرتنامىدە: شەرتنامە تۈزگەن دۆلەتلەر «ئورتاق مۇداپىئە»نى يولغا قويۇش، ئەزا دۆلەتلەر ئۆز ئارمىيەسىنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىلاتنىڭ قوماندانلىقىغا تاپشۇرۇش. شەرتنامە تۈزگەن دۆلەتلەر «قوراللىق ھۇجۇم»غا ئۇچرىسا، شەرتنامە تۈزگەن باشقا دۆلەتلەر «زۆرۈر دەپ ھېسابلىغان ھەرىكەت، جۈملىدىن قورال كۈچى ئىشلىتىش ئارقىلىق تەشكىلاتقا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. شۇنداق بولغاچقا، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدە تۈركىيە، گېرىتسىيە، غەربىي گېرمانىيە قاتارلىق ئەللەرنى سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ھۇجۇمى ۋە مۇداخىلىسىدىن ساقلاش رولىنى ئوينىغان.

1990 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، غەرب دۆلەتلىرىگە بولغان ئاساسى خەۋپ تۈگىگەن بولسىمۇ، لېكىن ش ئا ئە ت يەنىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. 1999 ـ

يىلى چېخ، پولشا، ۋېنگرىيەنى، 2004 ـ يىلى لاتۋىيە، لىتۋا، ئېستونىيە، سىلوۋېنىيە، سىلوۋاكىيە، رۇمىنىيە، بۇلغارىيەنى يېڭىدىن ئەزالىققا قوبۇل قىلدى. ئالبانىيە، كىرودىيە، بوسنىيە، ماكېدونىيە، گىرۇزىيە، مونتېنېگرو، ئوكرائىنا قاتارلىق ئەللەرمۇ ش ئا ئە ت گە ئەزا بولۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا. ئامېرىكا قاتارلىق ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى بىلەن، ش ئا ئە ت هازىر 26 ئەزاسى بار، دۇنيانىڭ هەر قايسى جايلىرىدا هەربى قوشۇن توختاتقان، دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك تەڭدىشى يوق هەربىي تەشكىلاتقا ئايلاندى.

www.uyghurkitap.c



# ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى

ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى (Organization of the IslamicCoopration) 57 مۇنتىبېزم ئەزا دۆلىتى، ئالتە كۆزەتكۈچى ئەزاسى بار ئەرەب، ئىنگلىز، فرانسۇز تىلىنى تەشكىلاتنىڭ كۆندىلىك ئالاقە تىلى قىلغان دۇنيادا ب د ت دىن قالسىلا ئەزا سانى ئەڭ كۆپ خەلقئارالىق تەشكىلات.

1969 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ21 ـ كۈنى ئىسرائىلىيەنىڭ ئاقسا مەسجىدىگە ھۇجۇم قىلىشى ۋەقەسى يۈز بەردى. شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ماراكەش پايتەختى راباتتا، دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار كۆپ سانىنى ئىگەللەيدىغان 23 دۆلەتنىڭ باشلىقلىرى يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن «ھەر قايسى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقىنى ئىلگىرى سۈرۈش» مەقسىتىدە، دۇنيادىكى مۇسۇلمان ئەللەرنىڭ قەرەللىك يىغىن ئۆتكۈزۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي ھاياتى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان خەلقئارالىق تەشكىلات بولۇپ قۇرۇلغان.

ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئۈچ يىلدا بىر قېتىم چاقىرىلىدىغان ئىسلام ئەللىرى دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى، يىلدا بىر قېتىم چاقىرىلىدىغان، ئىسلام ئەللىرى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنىدىن سىرت، يەنە مۇقىم كاتىپ تەسىس قىلغان بولۇپ،ھازىرقى كاتىپى تۈركىيەلىك دوكتۇر ئەكمەلىددىن ئىھسان ئوغلۇ. ئۇ، 2005 ـ يىلىدىن باشلاپ

باش ئىشتابى جىددىدە بولغان، ئىسلام ئەللىرى كېڭىشىنىڭ كاتىباتى باشقارمىسىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن.

دۇنيا ئىسلام كېڭىشىگە قاراشلىق بولغان تارماق ئورگانلاردىن، باش ئىشتابى ئەنقەرەدە بولغان «دۇنيا ئىسلام ئەللىرى ستاتىسكا، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى تەتقىقات تەربىيەلەش مەركىزى»، باش ئىشتابى ئىستانبۇلدىكى «ئىسلام تارىخى، سەنئەت، مەدەنىيەت تەتقىقات مەركىزى»، بېنگال پايتەختى داككادىكى «ئىسلام تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى»، باش ئىشتابى ماراكەشنىڭ كاسابلانكا شەھىرىدىكى «ئىسلام ئەللىرى سودىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەركىزى»، باش ئىشتابى جىددەدىكى «ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى»، «ئىسلام ئۆلىمالار ئىنىستىتوتى» ۋە «ئىسلام ئىتتىپاقلىق فوندى ۋە ۋەخپە ئىجرائىيە ھەيئىتى»، نىگېر جۇمھۇرىيىتى ۋە ئۇگاندادىكى ئىسلام كېڭىشىگە بىۋاستە قاراشلىق «ئىسلام ئۇنىۋېرسىتى» قاتارلىقلار. مەخسۇس تەشكىلاتلاردىن، باش ئىشتابى ماراكەش پايتەختى راباتتىكى «ئىسلام مائارىپ پەن-مەدەنىيەت تەشكىلاتى» ۋە باش ئىشتابى جىددەدىكى «ئىسلام ئەللىرى رادىئو-تېلېۋىزىيە تەشكىلاتى»، «خەلقارا ئىسلام ئاگېنتلىقى» قاتارلىقلار بار.

پاكىستاننىڭ كاراچى شەھىرىدىكى «دۇنيا مۇسۇلمان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى»، مالايسىيانىڭ كۇئالالۇمپۇردىكى «دۇنيا ئىسلام ئىقتىساد مۇنبىرى»، «ئىسلام ئەللىرىنىڭ پايتەخت ۋە شەھەرلىرى تەشكىلاتى»، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ رىياد شەھىرىدىكى «ئىسلام تەنھەرىكەتچىلەر بىرلەشمىسى»، لىۋىيەنىڭ بەنغازى شەھىرىدىكى «ئىسلام قىزىل ھىلال ئاي ھەيئىتى»، جىددە شەھىرىدىكى «ئىسلام كېمىسازلىق جەمئىيىتى»، «خەلقارا ئەرەب-ئىسلام ئۇنىۋېرسىتى»، «دۇنيا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىسلام بانكىلىرى بىرلەشمىسى»، ئىستانبۇلدىكى«دۇنيا ئىسلام كېڭىشى ياشلار پىكىر ئالماشتۇرۇش ھەمكارلىق مۇنبىرى» قاتارلىقلارمۇ دۇنيا ئىسلام كېڭىشىگە بىۋاستە قاراشلىق ئىجتىمائىي تەشكىلات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى:

1. ئافغانىستان
2. ئالجىرىيە
3. چاد
4. مىسىر
5. گىۋىنىيە
6. ھىندونېزىيە
7. ئىران
8. ئىئوردانىيە
9. كۇۋەيت
10. لىۋان
11. لىۋىيە
12. مالايسىيا
13. مالى
14. ماۋرىتانىيە
15. ماراكەش
16. نىگېر
17. پاكىستان
18. پەلەستىن
19. سەئۇدىي ئەرەبىستان
20. سېنېگال
21. سومالى
22. تۇنىس
23. تۈركىيە
24. يەمەن
25. بەھرەين
26. ئومان
27. قاتار
28. سۇرىيە
29. ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى
30. سېررالئون
31. بېنگال
32. گابون
33. گامبىيە
34. گىۋىنىيە بىسساۋ
35. ئۇگاندا
36. بوركىنافاسو
37. كامېرون
38. كومورو

**39. ئىراق**
**40. مالدىۋى**
**41. جىبۇتى**
**42. بېنىن**
**43. برۇنېي**
**44. نىگېرىيە**
**45. ئەزەربەيجان**
**46. ئالبانىيە**
**47. قىرغىزىستان**
**48. تاجىكىستان**
**49. تۈركمەنىستان**
**50. موزامبىك**
**51. قازاقىستان**
**52. ئۆزبېكىستان**
**53. سۇرىنام**
**54. توگو**
**55. گۇيانا**
**56. كوتدىۋورې**

## دۇنيا ئىسلام كېڭىشىنىڭ كۆزەتكۈچى ئەزالىرى:

1. بوسنىيە گېرتسېگوۋىنا
2. ئوتتۇرا ئافرىقا جۇمھۇرىيىتى
3. شىمالى سىپرۇس تۈرك جۇمھۇرىيىتى
4. تايلاند پادىشاھلىقى
5. رۇسىيە فېدېراتسىيەسى

## ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا كۆزەتكۈچى ئەزالىق سالاھىيىتىگە ئىگە تەشكىلات ـ فىلىپپىن مورو ئازادلىق تەشكىلاتى

## ئىسلام كېڭىشىگە كۆزەتكۈچى ئەزا خەلقئارا تەشكىلاتلار:

1. ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقى
2. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى
3. ئىتتىپاق تۈزمىگەن دۆلەتلەر ھەرىكىتى
4. ئافرىقا بىرلىكى تەشكىلاتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئىقتىسادى ھەمكارلىق تەشكىلاتى

## شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى

1977 ـ يىلى بەش دۆلەت قۇرغان. نىشانى ـ رايون ئىقتىسادى، ئىجتىمائى ۋە مەدەنىيەت ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش. 1999 ـ يىلى، بۇ ئىتتىپاق شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى 10 ئەزا دۆلەت ھەمكارلىقىدا ئەركىن سودا رايونى قۇردى. ياپونىيە، جۇڭگو، ئامېرىكا ۋە باشقا چوڭ دۆلەتلەرگە قارشى تۇردى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى بىر گۇرۇھ سۈپىتىدە خەلقئارا رىقابەتكە قاتناشتى. شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ كېڭىيىشى بوگونكى كۈندە، شۇ رايوننىڭ ئىقتىسادى، سىياسى ۋە مۇھىت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا. بۇ مەسىلىلەرنى ھەرقايسى دۆلەتلەر ھەمكارلىشىپ ھەرىكەت قىلمىسا، ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

## ئەرەب ئىقتىسادى بىرلەشمە جەمئىيىتى

1957 ـ يىلى ئون ئەرەب دۆلىتىنىڭ سودا ۋە ئىقتىسادنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش كېلىشىمىگە ئاساسەن 1964 ـ يىلى قۇرۇلغان.

## شىمالىي ئافرىقا ئىقتىسادى ئورتاق گەۋدىسى

1975 ـ يىلى قۇرۇلغان، نىشانى ـ 15 ئەزا دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى رايوندا ئىقتىسادى ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش. نۆۋەتتە بۇ تەشكىلاتنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ساھەلىرى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە.

## لاتىن ئامېرىكىسى بىر گەۋدىلىشىش جەمئىيىتى

1980 ـ يىلى قۇرۇلغان. نىشانى ـ 12 ئەزا دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدىكى سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە باشقۇرۇش.

## جەنۇبى قىسىم ئافرىقا ئورتاق گەۋدىسى

1992 ـ يىلى قۇرۇلغان. نىشانى ـ 14 ئەزا دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى رايون ئىقتىسادى تەرەققىياتى ۋە بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



گەۋدىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەمدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش.

## جەنۇبىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىق ئىتتىپاقى

1985 ـ يىلى قۇرۇلغان. نىشانى ـ يەتتە ئەزا دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، زېمىن پۈتۈنلۈك ھوقۇقىغا ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئىچكى ئىشلارغا ئۆزئارا ئارىلاشماسلىق.

## ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى

### ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قانداق تەشكىلات ؟

ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى (Asia-Pacific Economic Cooperation) قىسقارتىلىشى (APEC). بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ رايون خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئورتاق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان ئاپپاراتتۇر.

### ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى قاچان قۇرۇلغان ؟

1989 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئاۋستىرالىيەنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاۋستىرالىيە، ئامېرىكا، كانادا، ياپونىيە، كورىيە، يېڭى زېلاندىيە

ۋە شەرقى جەنۇبىي ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ دىپلوماتىيە ۋە ئىقتىساد مىنىستىرلىرى ئاۋستىرالىيەنىڭ پايتەختى كانبېررادا مىنىستىرلار يىغىنى ئېچىپ، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادى ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ تەشكىلات ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، 2007 ـ يىلى 9 ـ ئايغا كەلگەندە ئەزاسى جەمئىي 21 گە يەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرمۇ جۇڭگو، مالايسىيا، مېكسىكا قاتارلىق تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرمۇ بار.

## ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادى ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ مەقستى نېمە ؟

شۇ رايون خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەزالار ئارا ئىقتىسادى جەھەتتە بېقىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئېچىۋېتىلگەن كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى كۈچەيتىش، رايون سودا سېلىنمىسىدىكى قورغانلارنى ئازايتىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# 3. ھۆكۈمەتتىن خالىي تەشكىلاتلار

# Nongovernmental Organization, NGO

ئەگەر سىز دۇنيادىكى نۇرغۇن ئادەملەرگە ئوخشاش، ئاز دېگەندە بىر ياكى خېلى كۆپ مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشىڭىز مۇمكىن. سىز بەلكىم دۇنيادا ئۆزگىرىش بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغانسىز، سىز قانداق قىلىپ، ئۆز پاراستىڭىز بىلەن بۇ دۇنيانى تېخىمۇ گۈزەل قىلىشقا قانداق تۆھپە قوشىمەن؟ دەپ ئويلامسىز بەلكىم سىز شۇنى تونۇپ يەتتىڭىزكى، ئۆزىڭىزگە تايىنىپلا بۇ دۇنيانى ئۆزگەرتەلمەيسىز. بىراق بەلكىم سىز يەنە باشقىلارمۇ سىزگە ئوخشاش كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان سىز ئۇلار بىلەن بىرلەشسىڭىز، ئورتاق ئاۋاز سىلەرگە بىر تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋاستە بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنسىز.

بارغانسېرى نۇرغۇن كىشىلەر شەخسىي مەنپەئەت گۇرۇھلىرىغا قاتنىشىش ئارقىلىق، دۇنيا سىياسىتىگە تەسىر كۆرسەتتىم، دەپ ۋەز ئېيتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. كىشىلەر بىر ياكى بىرقانچە ھۆكۈمەتتىن خالىي تەشكىلاتقا قاتناشتى. بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن يەرشارىدا 30 مىڭ ئەتراپىدا ھۆكۈمەتتىن خالىي تەشكىلات بار. كىشىلەر تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلاتلارنىڭ سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ،ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ۋە غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقتا.

ھۆكۈمەتتىن خالىي تەشكىلاتلار دېگىنىمىز، ھۆكۈمەتكە تەۋە بولمىغان، دۆلەت قۇرمىغان، ئادەتتە ھۆكۈمەتتىن مۇستەقىل

بولغان تەشكىلاتلاردۇر. گەرچە ئېنىقلىمىسىدىن قارىغاندا، نەپ ئېلىشنى مەقسەت قىلغان كارخانىدەك بىلىنسىمۇ، بىراق سۆز مەنىسىدىن چىقىپ تۇرۇپتۇكى، ئۇ سودا خاراكتېرىنى ئالمىغان، قانۇنلۇق، ئىجتىمائى مەدەنىيەت ۋە مۇھىتقا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى تەشەببۇس قىلىدىغان گۇرۇپپىدۇر. ھۆكۈمەتتىن خالىي تەشكىلاتلار ئادەتتە نەپ ئالماس تەشكىلاتتۇر، (Non‒ Profit Organization‒NPO)

ئۆلارنىڭ فوندىسىنىڭ بىر قىسمى شەخسلەرنىڭ ئىئانىسىدىن كېلىدۇ. ھازىربۇ نامنىڭ ئىشلىتىلىشى ب د ت ياكى ب د ت ئەۋەتكەن نوپۇزلۇق ھۆكۈمەتتىن خالىي تەشكىلات بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالدى.

ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، قانۇن جەھەتتە پەرقى بولغاچقا، ئوخشىمىغان دۆلەتلەر بۇنداق تەشكىلاتلارنى ئوخشىمىغان نام بىلەن ئاتايدۇ. مەسىلەن: ئامېرىكا «نەپ ئالماس تەشكىلات»، «مۇستەقىل تەشكىلات» ياكى «ئۈچىنچى ئورگان» دېگەن نامالار بىلەن، ئەنگلىيە «ئاۋانگارتلار تەشكىلاتى» دەپ ئاتايدۇ.

## خەلقئارادا تەسرى زور ھۆكۈمەتتىن خالىي تەشكىلاتلار

### خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى (Amnesty International) قىسقارتىلىپ (AI)، ئىنسان ھەقلىرىنى مەمۇرىي تەپتىش قىلىدىغان ھۆكۈمەتتىن خالىي تەشكىلات بولۇپ، 1961 ـ يىلى قۇرۇلغان. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى ئارىسىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.cn



زاتلاردىن تەشكىللىنىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى تەپتىش قىلىدۇ. ھازىر پۈتۈن دۇنيادا 150 دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايوندا 3 مىليوندىن ئارتۇق خادىمى ۋە قوللىغۇچىسى بار بولۇپ، يەرشارى خاراكتېرلىك ھۆكۈمەت تۈسىنى ئالمىغان ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتىدۇر. بۇ تەشكىلاتنىڭ نىزامنامىسىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ «ھەربىر ئادەم دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى خىتابنامىسى ۋە باشقا خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى ئۆلچەملىرىدە كۆرسىتىلگەن بارلىق ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇش»نى ئارزۇ قىلىدۇ. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە تەشەببۇس ھەرىكىتى ئارقىلىق، ئىنسان ھەقلىرىگە قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ياكى توسىدۇ. بۇ تەشكىلات خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى جەھەتتىكى غايەت زور تۆھپىسىگە ئاساسەن، 1977-يىلى نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا، 1978-يىلى ب د ت ئىنسان ھەقلىرى مۇكاپاتى قاتارلىق شەرەپلەرگە مۇيەسسەر بولغان. خەلقئارا ئىنسانپەرۋەرلىك قانۇنىدا بېكىتىلگەن بىردىنبىر نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا ھوقۇقلۇق ئورگاندۇر.

## خەلقئارا قىزىل كرېست كومىتېتى

خەلقئارا قىزىل كرېست كومىتېتى (International Committee of the Red Cross) باش ئىشتابى شۋېتسارىيەنىڭ جەنۋەدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك ئورگانىدۇر. 1863-يىلى قۇرۇلغان. «جەنۋە ئەھدىنامىسى» ۋە خەلقئارا قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، خەلقئارا جەمئىيەت خەلقئارا قىزىل كرېست كومىتېتىغا تەڭداشسىز مەرتىۋە ئاتا قىلغان بولۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا خاراكتېرلىك قوراللىق توقۇنۇشلاردا، ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلارنى قوغدايدۇ. بۇ ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلار ئۇرۇش يارىدارلىرى، ئەسىرلەر، مۇساپىرلار، ئاۋام ۋە باشقا جەڭگە

قاتناشمايدىغان خادىملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## خەلقئارا قىزىل كرېست كومىتېتىنىڭ بۇرچى نېمە ؟

خەلقئارا قىزىل كرېست كومىتېتى بىر ئادىل، بىتەرەپ مۇستەقىل تەشكىلات بولۇپ، ئىنسانپەرۋەرلىك بۇرچى — ئۇرۇش ۋە دۆلەت ئىچى زوراۋانلىق ۋەقەلىرىدە ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ هاياتى ۋە ئىززىتىنى قوغداش هەمدە ئۇلارنى ياردەم بىلەن تەمىنلەش. بۇ تەشكىلات يەنە خەلقئارا ياردەم خىزمىتىگە هەمدە ئىنسانپەرۋەرلىك قانۇنى بىلەن ئەقەللىي ئىنسانپەرۋەرلىك پرىنسىپىنى مۇستەهكەملەش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە ماسلاشتۇرىدۇ.

## خەلقئارا قىزىل كرېست كومىتېتىنىڭ خىزمىتى نېمە ؟

ئۇرۇش قىلغۇچى تەرەپلەرنىڭ جەنۋە ئەهدىنامىسىگە رىئايە قىلىش ئەهۋالىنى تەپتىش قىلىش؛ جەڭگاهتىكى ياردارلارنى قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى تەشكىللەش؛ ئۇرۇش ئەسىرلىرىگە مۇئامىلە قىلىشنى نازارەت قىلىش هەمدە قاماپ قويغان دائىرىلەر بىلەن مەخپىيەتلىكنى ساقلاپ پاراڭلىشىش؛ قوراللىق توقۇنۇشتا يوقاپ كەتكەن خادىملارنى ئىزدەشكە ياردەم بېرىش؛ پۇقرالارنى قوغداش ۋە ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەشكىللەش؛ ئۇرۇش قىلغۇچى تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا بىتەرەپ كېلىشتۈرگۈچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش.

## خەلقئارا قىزىل كرېست كومىتېتىنىڭ پرىنسىپى نېمە ؟

بۇ تەشكىلات 1965 ـ يىلى يەتتە ئاساسى پرىنسىپنى بېكىتكەن بولۇپ، هازىرغا قەدەر قوللانماقتا. بۇ يەتتە پرىنسىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



: ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادىللىق، بىتەرەپلىك، مۇستەقىللىق، پىدائىيلىق، بىرلىك ۋە ئۇنىۋېرساللىق.

خەلقئارا قىزىل كرېست ۋە قىزىل ھىلال ئاي بىرلەشمە جەمئىيىتى (International Federation of Red Cross and Red Crescent Societies)

خەلقئارا ئىنسانپەرۋەرلىك تەشكىلاتى بولۇپ، خەلقئارا قىزىل كرېست كومىتېتى بىلەن ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى قىزىل كرېست ۋە قىزىل ھىلال ئاي جەمئىيەتلىرى ئورتاق ھالدا خەلقئارا قىزىل كرېست ۋە قىزىل ھىلال ئاي ھەرىكىتىنى تەشكىللىگەن. بۇ تەشكىلات 1919 ـ يىلى قۇرۇلغان، باش ئىشتابى جەنۋەدە. ئۇ ھەرقايسى دۆلەت جەمئىيەتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇشقا، «ئىنسانپەرۋەر كۈچلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق مەزلۇم خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش»قا مەسئۇل. خەلقئارا جەمئىيەتتە بۇ جەمئىيەت دۆلەتلەردىكى جەمئىيەتلەر بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، چوڭ كۆلەمدىكى جىددىي قۇتقۇزۇشنى تەشكىللەيدۇ ۋە رەھبەرلىك قىلىدۇ.

خەلقئارا قىزىل كرېست كومىتېتىنىڭ يەتتە پرىنسىپىغا خەلقئارا قىزىل كرېست ۋە قىزىل ھىلال ئاي بىرلەشمە جەمئىيىتىمۇ ئوخشاشلا ئەمەل قىلىدۇ.

## بالىلارنى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى (Save The Children)

1919 ـ يىلى ئەنگلىيەدە قۇرۇلغان. بالىلار ھوقۇقىنى ياخشىلاش، تەرەققىي قىلمىغان ئەللەردىكى بالىلارنى قۇتۇلدۇرۇش ۋە ياردەم بېرىش ئورگىنىدۇر.

ھەرقايسى دۆلەتلەردە 30 بالىلارنى قۇتقۇزۇش تارماق جەمئىيىتى بار بولۇپ، ئەزالىرى 125 دۆلەتتە پائالىيەت قىلىدۇ.

بالىلارنى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىنىڭ بۇرچى — ھەربىر بالىنىڭ ساغلاملىق، يېمەكلىك تەربىيەلىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئۇلارنى ھەرقانداق شەكىلدىكى خورلاش، پەس كۆرۈش، زوراۋانلىق ۋە ئېزىشتىن قوغداش. بالىلارنىڭ ساداسىنى ئاڭلاش، بالىلار بىلەن ئارىلىشىش ۋە ئۇلار يولۇققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 21ـ ئەسىر دۇنيا سىياسىيسىدىكى كەلگۈسى 12 مەسىلە

### 1 ـ دۆلەت يەنىلا دۇنيا سىياسىيسىدىكى ئاساسلىق سۇبيېكتمۇ ؟

يېقىنقى تۆت ئەسىردىن بېرى ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت ــ دۇنيا سىياسىيسىنىڭ ئاساسلىق سۇبيېكتى بولۇپ كەلدى. دۇنيادا مىللەتچىلىك ۋە ئىچكى ئۇرۇش قايتىدىن باش كۆتۈردى. چۈنكى ئاپتونومىيە ۋە مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. چۈنكى كۆپ قىسىم مىللەتچىلىكنىڭ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ تۈپ مەقسىتى مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلىنىش ۋە ئىگىلىك ھوقۇققا ئېرىشىش. يېقىنقى يىللاردىن بېرى خەلقئارا جەمئىيەتتە، دۆلەتلەرنىڭ پارچىلىنىشى ۋە يېڭى دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ب د ت نىڭ ئەزالىرى 1991ـ يىلىدىكى 166 دىن 2006ـ يىلىدىكى 191 گە كۆپەيدى. مەسىلەن : ئەگەر نۆۋەتتىكى ئاجىز، مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەر تېخىمۇ كىچىك مۇستەقىل دۆلەتلەرگە بۆلۈنسە، ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر مۇستەقىللىققا ئېرىشسە ۋە ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت قۇرسا ب د ت گە ئەزا دۆلەتلەر 400 دىن 500 گە يېتىشى مۇمكىن. بەزىلەر يەر شارى سىستېمىسىدا مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ سانى 2006ـ يىلىدىكى 210 دىن كۆپىيىپ 2050ـ يىلىغا بارغاندا 800 گە يېتىشى مۇمكىن دەپ مۆلچەرلىمەكتە. بەزى كىشىلەر، دۆلەت 21ـ ئەسىر دۇنيا سەھنىسىدىن يوقىلىشى مۇمكىن، 2010ـ يىلىغا بارغاندا دۇنيا ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان ” شەھەرلەر ئىتتىپاقى“ دۇنيا

ئىشلىرىدا ئاساسلىق رول ئويناۋاتقان دۆلەتنىڭ ئورنىنى ئېلىشى مۇمكىن، دەپ گۇمان قىلماقتا.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەر گۈللەپ ياشنىماقتا. چۈنكى ھەربىي بىخەتەرلىك بىلەن تەمىنلەش، كىشىلەرگە سالاھىيىتىنى تونۇتۇش، باج يىغىش، نامراتلارنى يۆلەش، مۇھىتنى قوغداش قاتارلىقلارنى يەنىلا دۆلەت ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. دۆلەت يەنە خەلقئارا تەرتىپنى قوغداش ۋە بارلىق ئادەم كىشىلىك ھوقۇقتا باراۋەر دېگەن دۇنياۋى قىممەت قارىشىنى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا كەم بولسا بولمايدۇ، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى دۆلەتلەر ئەنئەنىۋى نىشاننى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. مەسىلەن: نامراتلارنى يۆلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، بۇلغىنىشنى توسۇش، دۆلەت ئىچىدىكى مۇقىملىقنى ساقلاش ۋە تېرورىزمغا زەربە بېرىش قاتارلىقلار.

قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، دۆلەت خەلقئارا سەھنىدىن دەرھال چۈشۈپ كەتمەيدۇ، ئۇلار يەنىلا خەلقئارا سەھنىنىڭ مەركەزلىك ئورنىنى داۋاملاشتۇرۇشى مۇمكىن.

دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ دۇنيا سىياسىي ئۆزگىرىشىگە ئېلىپ كەلگەن بېسىمىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت ھازىر دۇچ كەلگەن رىقابەتكە تاقابىل تۇرالامدۇ ـ يوق، دېگەن مەسىلە كېلىپ چىقتى. 19 ـ ئەسىردە فىرانسىيەلىك سىياسىيون ئاۋگۇست. كومتى جەمئىيەت ھەرخىل ئورگانلارنى بەرپا قىلىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ، دەپ قارىغان. بۇ ئورگانلار بۇ فۇنكسىيەسىنى ئادا قىلالمىغان چاغدا يوقىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە دۆلەتنىڭ ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى قوزغىيالمىدى، ئۇنداقتا بىزگە شۇنداق سوئال تۇغۇلىدىكى: دۆلەتنىڭ كەلگۈسى بارمۇ ـ يوق ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 2ـ يەرشارىنىڭ مەنپەئەتى دۆلەت مەنپەئەتىنىڭ ئالدىدا تۇرۇشى كېرەكمۇ؟

ھەربىر دۆلەت نېمە ئىشانىنى قوغلىشىدۇ؟ بۇرۇنقى دەۋرلەردە جاۋاب تولىمۇ ئاددىي: ھەربىر دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ ئىچكى پاراۋانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشى، دۆلەتنى مۇداپىئە قىلىشى ھەم تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇشى، دۆلەتنىڭ قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى قوغدىشى كېرەك. ھەربىر دۆلەت ئەڭ زور دەرىجىدە رېئالىزملىق مۇقامىنى تۇۋلاپ، دۆلەت مەنپەئەتىنى يەرشارى مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن قويىدى. بۇ باشقا دۆلەتلەر بىلەن ھوقۇق، مەرتىۋە ۋە ئىناۋەت تالىشىشتىن، ئەڭ مۇھىمى، ھەربىي ھازىرلىق ۋە دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق دۆلەتنى تاشقى ھۇجۇمدىن قوغداش ئارقىلىق ئىناۋەتكە ئېرىشىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئورتاق مەسىلىلەردە باشقا دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىش ياكى باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەر بىلەن كۆپ تەرەپلىك ئورگان قۇرۇپ يەرشارىنى ئىدارە قىلىدۇ. پەقەت دۆلەت بىخەتەرلىكى —— ھەربىي كۈچ ۋە سىياسى تەسىر كۈچكە ئېرىشىش ئارقىلىق كۈچەيتىلگەندىن كېيىن، ئاندىن باشقا ئىشلارنى ئويلىشىدۇ، قالغان ئىشلار قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدۇ.

بۈگۈنكى رەھبەرلەر ئورتاق ئىشانىنى قوغلىشىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ دۆلەتنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياسەتتىكى جەھەتتىكى تاللىشى بارغانچە چەكلىك بولماقتا. نۇرغۇن مەسىلىلەر پەقەت باشقا دۆلەتلەرنىڭ يامانلىشىۋاتقان خەۋپ ـ خەتىرىگە تەۋەككۈل قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا ئېرىشمەكتە. بۇخىل ئەھۋالدا دۆلەتنىڭ تار نۇل يىغىندىلىق ئۆز مەنپەئەتى بىلەن يەرشارىدىكى ئورنى، تەلىپى، ھەممىشە يۇقىرىلىقى كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان تەنتەرخ ئېلىپ كېلىدۇ. دۆلەتنىڭ مەنپەئەت چېگراسىنى بېكىتىدىغان چاغدا، بۇخىل شوۋىنىزم (مەيلى توغرا ياكى خاتا بولسۇن مېنىڭ ۋەتىنىم ) لىق

تارىخىي يۈزلىنىش دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئەكىس تەسىر پەيدا قىلىدۇ. رىقابەتچىلەرنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە پاراۋانلىقىنى ئاجىزلىتىش ئۇسۇلى بىلەن ئۆز پاراۋانلىقىنى قوغداشقا ئۇزۇن مۇددەت بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بىرمۇ دۆلەت يوق.

ئىلگىرى دۆلەتنىڭ مەنپەئىتى ھەممىدىن ئەلالىقىدىن گۇمانلىنىدىغان ئاشۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قوللاشقا ئېرىشىشى يوق دېيەرلىك، ھەتتا ھېچكىم بۇ خىل كۆز قاراشنى قوبۇل قىلماسلىقى مۇمكىن ئىدى. يەرشارى ئورتاق گەۋدىسىنىڭ «ئەخلاقىي ئەھمىيىتى ـ ئىنسانلار ئورتاق گەۋدىلىكىدە» دەيدىغان بۇ ئۇقۇمدا گەۋدىلىك ئەكس ئەتتى. ئىنسانلار ئورتاق گەۋدىسى ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئەلا. بۇ خىل ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولماقتا. ئىنسانشۇناس مارگېرىت.مىد مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر شۇنداق ئورتاق تونۇشقا كېلىشكە باشلىدىكى ئەمەلىيەتتە، بۈگۈن بىز ھەممىمىز ئوخشاش ھاۋادىن بەھرىلىنىمەكتىمىز، بىز پەقەت باشقىلارنى قۇتۇلدۇرساق، ئاندىن ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرالايمىز. ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن دۇنياغا كۆڭۈل بۆلۈش ئارىسىدا زىددىيەت يوق ». ئامېرىكىنىڭ 57 ـ قېتىملىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى سەيرىس. ۋەنس (Cyrus Vance) مۇشۇ قاراشقا ئوخشاپ كېتىدىغان كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان: «دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق تىرىشچانلىقى بۇرۇنقى غايىچىلىكتىنلا كېلىپ چىققان بولماستىن، بەلكى يەنە بىۋاسىتە ئۆز مەنپەئەتچىلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر».

ئەنگلىيەلىك رېئالىزملىق نەزەرىيە پېشۋاسى H.Eكار (1939) غايىچىلىكنىڭ رېئالىزمغا ئىشىنىدۇ. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتى شەخس بىلەن دۆلەتنىڭ ئۆز مەنپەئىتىگە پايدىسىز دېگەن قاراشقا قارشى تۇرىدۇ. مارتىن. لۇتىر.كىڭ تېخىمۇ كۈچەيتىپ «باشقا دۆلەتلەرنىڭ قېيىنچىلىقىنى تونۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يېتەلمەسلىك، ئاخىرىدا ئۆز پاراۋانلىقىغا تەھدىت بولىدۇ، ھەر قانداق جايدىكى ئادالەتسىزلىك بارلىق جايلاردىكى ئادالەتكە تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەن. ئەمەلىيەتتە، كىشىلەر شۇنى تونۇپ يەتتىكى، ئەنئەنىۋى ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت ئۇقۇمى بىلەن بىر دۆلەت ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىنى بىكىتىدىغان ئەنئەنىۋى ئۇسۇل چەكلىمىلىككە ئىگە. بۇ خىل دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى بىكىتىدىغان ئەنئەنىۋى ئۇسۇلنى ب د ت نىڭ باش كاتىپى كوفى .ئاننان ئاگاھلاندۇرۇپ: « دۇنيادا چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى ... بىراق، بىزنىڭ دۆلەت مەنپەئەتى ھەققىدىكى تونۇشىمىز بۇ ئۆزگىرىشكە يېتىشەلمەيۋاتقىنىدىن ئەنسىرەيمەن. بىز تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ كەڭ دۆلەت مەنپەئەتى ئۇقۇمىغا موھتاجمىز...ئۇ ھەرقايسى دۆلەتلەر ئورتاق مەنپەئەت ۋە قىممەت قارىشى قوغلىشىۋاتقان چاغدا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرالايدۇ ».

بۇ تەشەببۇسلار ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى بىلەن يەرشارىنىڭ بىختەرلىكىنى دۆلەت مەنپەئەتى ۋە دۆلەت بىختەرلىكىدىن ئۇستۈن قويىدى، ئۇلار ئەڭ زور كۆلەمدە لىبېرالىزملىق مىراسقا يىلتىز تارتتى. ئەگەر بۇخىل كۆز قاراش دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كەڭ قوللىشىغا ئېرىشسە، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق كۆڭۈل بۆلىشى ـــ تەدرىجىي ھالدا تار دۆلەت مەنپەئەتچىلىك ئىدىيەسىدىكى دۆلەتلەر ئارىسىدا يەنىلا رىقابەت داۋام ئېتىشىنىڭ ئورنىنى ئالالامدۇ ؟

## 3.دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئۆرۈشنىڭ يوقلىشى دۆلەت بىخەتەرلىكىنىڭ مەنىسىنى ئۆزگەرتتى، ئۇنداقتا ھەربىي ھوقۇقنىڭ مەقستى نېمە ؟

ئومۇمىي ئۇسۇل ئەسلىدىكى مەقسەتكە ئۇيغۇنلاشمىغاندا،بۇخىل ئۇسۇل يوقىلىشقا يۈزلىنىدۇ. مەسىلەن:

قۇللۇق تۈزۈم، دىئىلغا چىقىش ۋە مۇستەملىكىچىلىك.

ھەرقايسى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇشتىمۇ ئوخشاش يۈزلىنىش كۆرۈلدىمۇ؟ 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن بىرى، قانۇنىنىڭ دۆلەتلەر ئارا ھەربىي تاجاۋۇزچىلىقىنى چەكلەش دائىرىسى كېڭەيدى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ھەربىي توقۇنۇش ئاساسەن يوقالدى. كىشىگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغىنى 1945-يىلدىن كېيىنكى دەۋر 17- ئەسىردىن بۇيانقى چوڭ دۆلەت تىنچلىقى ئەڭ ئۇزۇن داۋاملاشقان دەۋر بولدى. بۇ نەتىجە كىشىلەرنىڭ ئاززۇسىنى يۇقىرى كۆتۈردى، دۆلەتلەر ئارا چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇشنىڭ پارتلاش ئېھتىماللىقى ئىنچىل ئازايدى، بەلكىم پۈتۈنلەي يوقالدى. چۈنكى ئۇرۇش قوزغاشتىكى تەننەرخ مۆلچەرى ئېرىشمەكچى بولغان پايدا مۆلچەردىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. گەرچە دۆلەت ئىچىدىكى ئۇرۇش ياكى ئىچكى ئۇرۇش ۋە تېرورىزم ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئىرقى يوقىتىش بىلەن ئۇرۇش جىنايىتىگە ئىنسانى كۆڭۈل بۆلۈش، ئارىلىشىش خاراكتېرلىك تىنچلىق ساقلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنى كۈنسېرى تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا، بۇ خىل ئۈمىد يەنىلا مەۋجۇت.

ئەلۋەتتە، بۈگۈنكى دەۋردە قىرغۇچى قورالالارنى ئىشلىتىشنى توسقۇچى ئامىللار دۆلەتلەر ئارا ئۇرۇشنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزدىمۇ-يوق، بۇ يەنىلا تالاش تارتىشلىق مەسىلىدۇر.

ئەكسىچە،بۇخىل تىپتىكى ئۇرۇش بەلكىم ئەڭ ئاخىرىدا كىشىنى تېخىمۇ قورقۇتىدىغان باشقا بىر خىل شەكىلدە يەنى قىرغۇچى قورالالارنى كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىپ، ئىنسانلارنى يوقىتىش شەكلىدە يوقىلىشى مۇمكىن. قىيىن مەسىلە شۇكى ئۇرۇشنىڭ قاچان، قانداق شەكىلدە ۋاقتى ئۆتىدىغانلىقىدۇر. خۇددى كىچىك مارتىن. لۇتىر. كىڭ « ياكى غەيرىي زورلۇق

www.uyghurkitap.com



كۈچ ۋە ياكى قايتا مەۋجۇت بولماسلىقنى تاللاش» دەپ كۆرسەتكەندەك.

ئىلگىرى ھەربىي كۈچ ھەر دۆلەتكە باشقا دۆلەتلەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىر ۋە تېزگىنلەيدىغان قۇدرەت ئاتا قىلاتتى. بۈگۈنكى كۈندە كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى يادرو قوراللار، بىئولوگىيەلىك ۋە خىمىيەلىك قوراللار ھەر بىر دۆلەتنىڭ باشقا دۆلەتلەرگە ھەربىي كۈچ ئىشلىتىشىنىڭ خەۋپ-خەتىرى چوڭقايماقتا. قورال-ياراقلا ئىگە بولۇشنىڭ كېڭىيىشى يېڭى مەسىلىلەرنى تۇغدۇردى. تېخىمۇ كۆپ قورالغا ئىگە بولۇش دۆلەت بىخەتەرلىكىنى (بىرخىل پىسخىك ھادىسىسى)كۈچەيتتىمۇ؟ ياكى ئۇرۇش ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى تەييارلىقى ھەمدە دۆلەتنى بىخەتەرلىك قىيىنچىلىقىغا يۈزلەندۈردىمۇ ؟

كۆپ قىسىم رەھبەرلەر قەدىمكى گىرېتسىيە پەيلاسوپى ئارىستوتېلنىڭ مۇنداق قارىشىنى قوللايدۇ: «قورو تېمى يوق مىللەت تاللىشى يوق مىللەتتۇر». شۇڭا كۆپ قىسىم كىشىلەر رىئالىزملىق پەرەزنى قوبۇل قىلىپ، ئۇرۇش تەييارلىقى تىنچلىق ئۈچۈن زۆرۈر، بولۇپمۇ تېرورچى تەشكىلاتلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. بىراق،بۇزغۇنچىلىق قۇدرىتى ھامان كىشىنى قايىل قىلىدىغان تەھدىت پەيدا قىلالمايدۇ. بولۇپمۇ ئاشۇ خىل ئۆچ ئېلىش قۇدرىتىگە ئىگە دۆلەتلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق (ئۇلارنىڭ خەلقى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرى قازا بولۇشى ئېنىق). بۈگۈنكى كۈندە قورال كۈچى تەھدىتىنىڭ ئىشەنچلىكلىكى تۆۋەنلىدى، بولۇپمۇ ئەگەر نىشان سالاھىيىتى نائېنىق، دۆلەتسىز تېرروچى گۇرۇھلار بولىدىغان بولسا، ئۇلار ئۆز بۇرچى ئۈچۈن ئۆزىنى قوشۇپ پارتلىتىدۇ. بۇ ھەرىكەتنىڭ ھۇجۇمنى ئاسانلىقچە توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ. چۈنكى زەربە بېرەي دېسە، ئېنىق بىر نىشانلىق زېمىن تەۋەلىكى يوق. چۈنكى ئۇلارنىڭ زەربە بېرىشكە ئەرزىگۈدەك

قىممەتلىك نەرسىسى ياكى بىرەر ماكانىمۇ يوق، ئۇلار مۇداپىئە خاراكتېرلىك ھۇجۇمدا يوقالمايدۇ. ھەربىي كۈچ باشقىلارنى بويسۇنۇشقا مەجبۇرلىمىغاندا، قورال-ياراق ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى دىپلوماتىيە ئاساسى ياكى ئاساسلىق ۋەكىللىك رولىنى يوقىتىدۇ.

گەرچە ھەربىي كۈچ سەۋىيەسى ھەرقانچە ئىلغار بولسىمۇ، بىر دۆلەتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە دۆلەت دۈچ كەلگەن ئاساسلىق بىخەتەرلىك مەسىلىسى، تاشقى تاجاۋۇز بولماستىن، بەلكى ئىچكى ياكى دۆلەت ھالقىغان تېررورلۇق تورى قوزغىغان ھۇجۇمنىڭ ئەۋج ئېلىشى. ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا «بازا» تەشكىلاتى 100دىن ئارتۇق دۆلەتتە ھەرىكەت قىلىدىكەن. شۇڭا ئەنئەنىۋىي ئۇرۇش ئۈچۈن قىلغان تەييارلىق پەقەت باشقا نەتىجە بىلەن باھالانماقتا. بەلكىم بىر يۇقىرى چەك مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە قىرغۇچى كۈچنى كۈچەيتىش ياكى تېخنىكىنى ئىنقىلاب خاراكتېرلىك يېڭىلاپ، يېڭى تىپتىكى جان ئالغۇچى ياكى غەيرىي جاننى ئالغۇچى قوراللارنىڭ مەيدانغا كەلتۈرۈشىنىڭ قىلچىمۇ ئەھمىيىتى يوق. بىراق ئامېرىكىنىڭ 34 - نۆۋەتلىك پىرىزدېنتى ئېزىنخاۋېر ئاگاھلاندۇرغاندەك، ئۇرۇش تەييارلىقى ئۈچۈن زىيادە سەرپ قىلىنغان مالىيە تەننەرخى بىر دۆلەت ئۈچۈن ئېغىر مۇداپىئە يۈكى پەيدا قىلىدۇ. گويا يەنە مۇداپىئەگە ئېھتىياجلىق ئەمەستەك. زايوم ۋە پۇل پاخاللىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىر قىسىم دۆلەتلەر تەڭشەشنى باشلىدى. ھەربىي خىراجەتنى قىسقارتىش خامچوتى ئارقىلىق قورال-ياراقنىڭ ئىشلىتىلىشىنى قىسقارتىش لازىم. بۇ خىل سىياسەتتىن شۇنى تونۇشقا بولىدۇكى، ئۇزۇن مۇددەتلىك يۇقىرى سوممىلىق ھەربىي ئىشلار خىراجىتى دۆلەتنىڭ سانائەت تەرەققىياتىنى تۆۋەنلىتىپ، يەر شارى ئىقتىسادىدىكى رىقابەت كۈچىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاجىزلاشتۇردى، ئاخىرىدا دۆلەتنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئەقەللىي تۈرمۇش سەۋىيەسىنى قاندۇرۇش ئىقتىدارى ۋە ئىستىقباللىق مالىيە كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى.

گەرچە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يەنە بىر قىتىملىق قۇدرەتلىك دۆلەتلەر توقۇنۇشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان دۇنيا ئۇرۇشى ئەندىشىسى تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ ھەمدە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قىرغۇچى قورال-لارغا ئىگە بولۇش باھانىسى ئاجىزلىغان بولسىمۇ، بىراق ھەرقايسى دۆلەتلەر ئەنئەنىسىدىكى ھەربىي ئۈستۈنلۈك تەلىپى تېخى يوقالغىنى يوق. ئامېرىكا، جۇڭگو، ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە باشقا قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇش ئىستىكىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي خىراجەت خامچوتى ئېشىپ بارماقتا، تېررورىزمنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراش دۆلەت زېمىن بىختەرلىكىنى كۈچەيتىشنى غىدىقلىماقتا. ئۇزۇندىن بېرى ھەربىي كۈچ سىياسىي تەسىر كۈچ ۋە دۆلەت بىختەرلىكى ئۇچۇرىنى كۈچەيتىپ كەلدى. يەرشارى قورال - ياراق بازىرى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تىجارەت ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ، دۇنيا سودىسى تېزلىكتە ئاشماقتا. ئۇندىن باشقا، كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارنىڭ ئۇزلۇكسىز كېڭىيىشى، ھىندىستان ۋە پاكىستاننىڭ يادرو قوراللىرى بۇ نوقتىنى چۈشەندۈردى، ئىران، چاۋشيەن ۋە سانى ئېنىق بولمىغان دۆلەتسىز تېررورىزم ھەرىكىتىنىڭ يادرو قوراللىرىنى قوغلىشىشىمۇ بۇ نوقتىنى چۈشەندۈردى.

## 4.دۇنيادا تېررورىزمنى چەكلىگىلى بولامدۇ ؟

نۇرغۇن كىشىلەر 2001-يىلى 9-ئاينىڭ 11-كۈنى دۇنيانى مەڭگۈ ئۆزگەرتىۋەتتى، دەپ قارىشىدۇ. تېرورچىلار بۇلغان ئايروپىلان دۇنيا سودا مەركىزى ۋە بەش بۇلۇڭلۇق بىنانى ۋەيران قىلىپ، كىشىلەرنىڭ تېررورىزمغا بولغان ئاساسى كۆز

قارشىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئەنئەنىۋى كۆز قاراشتا تېرورىزىم پەقەت زىلزىلىگە سېلىش ئارقىلىق دىققەتنى قوزغايدىغان «ئويۇن» دەپ قارىلاتتى. بىراق ئۇلارنىڭ ھازىرقى مەقسىتى نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈرۈش. «بازا» تەشكىلاتىنىڭ تېرورلۇق تورى پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان ھەمدە ئامېرىكا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئىلگىرىكى خېرىدارى ئىسلام رادىكالچىسى بىن. لادىننىڭ ھەمكارلىشىشىغا ئېرىشكەن. تېرورىزىمنىڭ مەقسىتى دۈشمەنگە زەربە بېرىش ھەمدە دۈشمەنگە قاتتىق زەربە بېرىش، كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇميۈزلۈك ۋەھىمىلىك كەيپىيات پەيدا قىلىش. كىشىلەرنى يەنە مۇشۇنداق جانغا زامىن بولىدىغان، قورقۇنچلۇق پائالىيەتنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىدىن ئەنسىرىتىش. بازا تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى ئامېرىكىدا 2004- يىلى 1- ئاينىڭ 2- كۈنى دۆلەتلىك چوڭ سايلام بولۇشتىن تۆت كۈن ئاۋۋال بىر سىنئالغۇ لېنتىسىدا ئاگاھلاندۇرۇپ: «11- سىنتەبىر ۋەقەسىنى قايتا پەيدا قىلىشنىڭ ئاساسى يەنىلا مەۋجۇت، چۈنكى ئىسرائىلىيە بىلەن ئامېرىكا... پەيدا قىلغان ئادالەتسىزلىك يەنىلا مەۋجۇت.»

11- سىنتەبىر ۋەقەسى يەرشارى تېرورىزىم يېڭى دەۋرىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، ئۇ تېررىتورىيەسى يوق تېرورچىلارنى ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەرگە قارشى تۇرغۇزدى، تېررورچىلار ئۆچمەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. ئىلگىرىكى ئادالەتسىزلىكنى تونۇپ يېتىپ ئۆچ ئالدى. ئۇلارنىڭ مەركىزىي نىشانى يەرشارىدىكى بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى قۇدرەتلىك دۆلەت ئامېرىكا بولۇپ، ئامېرىكىنى يەرشارىدىكى شەيتان دەپ قارىدى. ئوخشاشلا ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىمۇ شۇ قاتارغا تىزدى (مەسىلەن: ئىسپانىيەدە 2004- يىلى، ئەنگلىيەدە 2005- يىلى ئۆزىنى قوشۇپ پارتلىتىش يۈز بېرىپ، نەچچە مىڭلىغان ئادەم قازا قىلدى ) بۇ دۆلەتلەر دۇنيادىكى ھەممە جەھەتتە تۈيۈق يولغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كىرىپ قالغانلارنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان. مەسىلەن: تاپتىن چىققان قۇدرەت — ئومۇميۈزلۈك يەرشارىلىشىش، ئىستىمالىزم، ئاتېئىزم ۋە زامانىۋىلىشىش كەلتۈرۈپ چىقارغان مەدەنىيەت ۋە دىن ئەنئەنىسىنىڭ يوقىلىشى. قايتۇرۇلغان ئىنكاس شۇ بولدىكى، ئامېرىكا بىر مەيدان يەرشارى خاراكتېرلىك ئۇرۇش قوزغاپ، يەر شارىدىكى بارلىق تېرورچىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق ئىقتىسادى قوللىغۇچىلىرىنى يوقاتماقچى بولدى.

ئەلۋەتتە، دۇنيانى تېرورىزىمدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش بەسى مۇشكۇل نىشاندۇر. تېرورىزم 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئەزەلدىن بار بولغان رېئاللىقنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن غايەت زور سەرمايىگە ۋە باشتىن ـ ئاخىرى چىڭ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. تېرورىزم بىلەن بولغان كۈرەش — مەلۇم ھادىسە ئۈچۈن نامەلۇم دۈشمەن بىلەن قىلىدىغان كۈرەشتۇر. ئۇ گويا نامراتلىق ۋە كېسەللىك بىلەن جەڭ قىلغانغا ئوخشاش بىر ئۇلۇغۋار ئىش بولۇپ، بىر خىل مەڭگۈلۈك ھادىسىگە قارشى تۇرۇش — پەقەت ئادالەتسىزلىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىدىكەن، توسۇش چەكلىنىدۇ.

بىر ئاجىز دۇنيا قانداق بىرلىشىپ، تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالالايدۇ ھەمدە بۇ جەڭدە غەلبە قىلالايدۇ؟ ئۇ ئورۇنلىيالامدۇ ؟ بۇ ئىككى سوئالنىڭ جاۋابى ئىختىلاپلىق.

بىر قۇتۇپتىكىلەر، بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر، تېرورىزىمنى يوقاتقىلى بولمايدۇ، تېرورىزىمنىڭ پەيدا بولۇش شەرتىنى ئاۋۋال يوقاتماي تۇرۇپ، تېرورىزىمنى يوقاتقىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن بەختسىزلىك، نامراتلىق،بۇزغۇنچىلىق ۋە چەت ياقا مۇھىت،تېرورلۇق ھەرىكىتى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەرگەن، پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزگەن كىشىلەر ئۇچرىغان بەختسىزلىك

ۋە ئۈمىدسىزلىكنى يەڭگىللىتىش ھەمدە ئۇلار ئۇچرىغان ناھەقچىلىقلارنى ئازايتىش، بىردىنبىر ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەل قىلىش ئۇسۇلىدۇر. تېرورىزىمنى يوقىتىش ئۈچۈن، تېرورىزىمنىڭ يېتىلىدىغان تۇپرىقىنى يوقىتىش كېرەك، بۇ خىل تۇپراق كىشىلەرنى ھەرقانداق خەتەرگە تەۋەككۇل قىلالايدىغان، ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش شەكلىدە ۋەزىپە ئىجرا قىلىپ، قەھرىمانلىق ماقامىغا يېتىدۇ. يەنە بىر قۇتۇپتىكىلەر، بىر قىسىم تېرورىزىمغا قارشى ئىستىراتېگىيەچىلەر يېڭى بىر خىل تەلۋە ۋە تەلۋىلەر پەيدا قىلغان تېررورلۇق ھەرىكىتىنى كۆردى. ئۇلار شۇنداق قارايدۇكى: «بۇ تېررورچىلارنىڭ رەھبەرلىرى نۆۋەتتىكى تېررورلۇقنىڭ جاۋابكارىدۇر، شۇڭا تېررورچىلارنى يوقىتىشنىڭ جاۋابى شۇ يەردىكى، تېررورلۇق ھەرىكىتىنىڭ تەشكىلىگۈچىلىرىگە ھەربىي كۈچ بىلەن زەربە بېرىش ۋە يوقىتىش كېرەك.» بۇ بۇش ھۆكۈمىتىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بولۇپ، ئۇلار ئىراققا زەربە بېرىپ، سادام ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كېرەك، دەپ قارىغان. چۈنكى رەئىس جۇمھۇر مەسلىھەتچىسى شۇنداق ئىشەنگەنكى (خاتا ھالدا)، بۇ ئىراقنىڭ ھاكىمىمۇتلەقچىسى نۇرغۇنلىغان كەڭ كۆلەملىك قىرغۇچى قوراللارنى ساقلىغان، ھامان بىر كۈنى ئۇلارنى ئىشلىتىدۇ. بۇ تەشەببۇس (ياكى بۇ كەلىمە، ئىراقنىڭ زالىم پادىشاھىنى «بازا تەشكىلاتى»نى «11 - سىنتەبىر» ھۇجۇمىغا سۆرەپ كىرىش بىلەن تۈگەللەندى) پەقەتلا ئىسپاتلانمىدى. ئەكسىچە، دۈشمەن ۋە تېررورچىلارغا زەربە بېرىشتىن ئاۋۋال، تېررورچىلارنى قوللىغان دۆلەتلەرگە ھەربىي زەربە بېرىش، ئامېرىكىدىن ئىبارەت دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت ئىلان قىلغان ئىستېراتېگىيىلىك تەلىماتتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ سىياسەت بارلىق دۆلەتلەرنى ئۆز مەيدانىنى ئىپادىلەشكە مەجبۇر قىلدى، جورج. W. بۇش رەئىس جۇمھۇر باياناتىنى ئېلان قىلىپ: «مەن بىر پىرىنسىپ بېكىتتىم، ئەگەر

سەن تېرورچىلارنى قانات ئاستىڭغا ئالساڭ، سەنمۇ تېرورچىلارغا ئوخشاشلا جىنايەتچى، ئەگەر سەن تېرورچىلارغا ماددىي ياردەم بەرسەڭ ياكى قوغدىساڭ، سەنمۇ خۇددى مىڭلىغان بىگۇناھ ئامېرىكا پۇقراسىنى ئۆلتۈرگەن كىشىگە ئوخشاشلا جىنايەتچى.
»

ھەربىي ۋاستە قىسقا مۇددەت ئىچىدە زۆرۈر بولۇشى مۇمكىن، ھەربىي زۆرۈرىيەت پرىنسىپى بۇ نوقتىنى ئىزاھلىدى. بىراق بىن. لادىنغا ئوخشاش تېرروررچىنى ئۆلتۈرۈش يېڭى بىر ئەۋلاد تېرورچىلارنىڭ مەيدانغا كەلمەسلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ھەربىي ۋاستە قوللانغان دۆلەتلەر شۇنىڭغا ئىشىنىشى كېرەككى، ئۇلار دۇچ كەلگەن مەسىلە ئۆزى بىلەن قارشىلاشقان دۆلەت ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى، شۇنىڭغا ئوخشاشلا تېرورچىلارنىڭ قەلبىدىمۇ مۇشۇنداق ئۆچمەنلىك مەۋجۇت. تېرورچىلارنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن، تېرورچىلىق ھەرىكىتى پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى چوقۇم ئۆزگەرتىش كېرەك. يەرشارى مىقياسىدىكى تېرورىزىمغا زەربە بېرىش جېڭىنى غەلىبىلىك قوزغاش ئۈچۈن، ھەربىر كىشى كەڭ كۆلەملىك خەلقئارالىق ئىتتىپاق قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىش لازىم. تېرورىزىم يەر شارى خاراكتېرلىك مەسىلە بولغاچقا، يەرشارى خاراكتېرلىك، كۆپ تەرەپلىمىلىك ئۇسۇلنى قوللىنىپ ھەل قىلىش زۆرۈر.

قايناق خەلقئارا دۇنيادا دۇنيانى ـ ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك، گۈزەللىك ۋە رەزىللىك دەپ ئىككى لاگېرغا بۆلۈش ئىنتايىن خەتەرلىك. بۇ دۇنيادا دوست بىلەن دۈشمەننى ئايرىش ئىنتايىن تەس، يەر شارى كۈن تەرتىپىدىكى ئىتتىپاقنى ھەل قىلىش باشقا بىر كۈن تەرتىپ ۋە ساداقەتكە يۈزلەنگەندە پارچىلىنىپ كەتتى. بەزىدە دۆلەت مەنپەتى ئۆزئارا توقۇنۇشنى بەلگىلەپ قويىدۇ. شۇڭا ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق دۈشمەنگە قارشى

تۇرىدىغان ئىتتىپاق ئوتتۇرىسىدىمۇ مانا مۇشۇنداق زىددىيەتلەر كۆرۈلىدۇ.

قانداق ئۇسۇل قوللىنىشتىن قەتئىينەزەر، تېررورىزىمنى پات ئارىدا، تېز سۈرئەتتە ئاخىرلاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئامېرىكا سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرى، تېررورىزىمغا قارشى ئۇرۇشتا خەۋپ-خەتەرگە تەۋەككۈل قىلماي، ئۆلۈم-يېتىم بەدىلىنى تۆلىمەي تۇرۇپ، تېز سۈرئەتتە غەلىبە قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. 2004-يىلى 3-ئايدىكى مادرىد «11-مارت» تېررورلۇق ھۇجۇم ۋە 2005-يىلى لوندوندىكى تېررورلۇق ھۇجۇمى شۇنى چۈشەندۈردۇكى،بۇخىل تەھدىت تېز سۈرئەتتە يوقالمايدۇ. ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىس جۇمھۇرى دىك. چېينى: « تېرروررچىلار ئامېرىكىغا نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن، بىراق بۇ يۈز بەرمەيدىغان مەسىلە ئەمەس، بەلكى قاچان يۈز بېرىدىغان مەسىلە » دەپ ئاگاھلاندۇرغان. ئامېرىكا فېدېراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى روبېرت. مىللىر قوشۇمچە قىلىپ؛ «يەنە بىر قېتىملىق تېررورلۇق ھۇجۇمى يۈز بەرسە، بىز ئۇنى توسالمايمىز. تېررورىزىم بىز بىلەن مۇقەررەر بىللىدۇر» دېگەن. بۇ كۆز قاراشتىن باشقا، كىشىلەرنىڭ ئەنسىرەيدىغىنى، ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستان ۋە ئىراقتىكى تېررورىزىمغا زەربە بېرىش جېڭى قايتۇرما ھۇجۇمنى كەلتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن. ئامېرىكا ئاسانلا ھۇجۇمغا ئۇچرايدۇكى، ئۇنىڭدىن باشقىسى بولمايدۇ. كارتېر 2005-يىلى 11-ئايدا سۆز قىلىپ، «كىشىلەرنىڭ بىر توپ سوئالى شۇكى: ئىراق ئۇرۇشى تېررورىزىمنىڭ تەھدىتىنى تۆۋەنلىتەلىدىمۇ؟ ئەڭ بەختسىز يېرى شۇكى، بۇ سوئالنىڭ جاۋابى «ياق». خەلقئارادا تېررورلۇق ھۇجۇمنىڭ سانى 2004-يىلى ئۈچ ھەسسە كۆپەيدى ھەمدە ئىزچىل كۆپىيىپ يېڭى رېكورت يارىتىدۇ. شۇڭا تېررورىزىمغا قارشى ئۇرۇش ئەڭ ئاخىردا تېررورىزىمنى چەكلىيەلەمدۇ؟ بۇنى يەنىلا كۆزىتىشكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



توغرا كېلىدۇ. بىراق نۆۋەتتە دۇنيادىكى تېرورىزمنىڭ خەۋپ-خەتىرىنىڭ تۆۋەنلىشى مۇمكىن ئەمەس.

## 5. دۆلەت ئىچىدىكى بۆلگۈنچىلىك توقۇنۇشى نۇرغۇنلىغان يېڭى دۆلەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈرەمدۇ؟

—دۇنيا تارىخىغا قارايدىغان بولساق، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ئۇچراشقاندا، بىر بولسا مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچرىشىشى ئالاقە ۋە ساغلام بولغان كۆپ تەرەپلىمىلىك ھۆرمەتنى پەيدا قىلغان، بىر بولسا مەدەنىيەتلەر ئارا پىششىق بىلىش ئۆزئارا كەمسىتىشنى پەيدا قىلغان. ئەسەبىلەر ئىرقچىلىقنى تەكىتلىگەندە ئېنىق شۇنداق قارايدۇكى، ئۆز مىللىتىنىڭ قىممەت قارىشى ئەزەلدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ قىممەت قارىشىدىن ئۈستۈن ھەمدە مەدەنىيەت پەرقىنى ھۆرمەت قىلمايدۇ ۋە ئۆچ كۆرىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسى شۇكى: بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە قىرغىنچىلىق قىلىشتۇر.

غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ئوخشاش بۇنداق مەدەنىيەت خاھىشى ئۆزىنى مەركەز قىلىش نۇقتىسىدىن ئۆزگە مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سامۇئېل. ھانتىڭتون (1996) مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى دۇنيا سىياسىيتىنى بەلگىلەيدۇ، دېگەن. يەنە باشقا بىر ئېھتىماللىق مىللىي كىملىك ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتۇر، يەنى دۆلەت ئىچىدىكى ئوخشاش بولمىغان قەبىلە ۋە دىنىي جامائەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ باش كۆتۈرۈشى، زوراۋانلىق توقۇنۇشنىڭ ئوخشاش بولمىغان مىللەت ئوتتۇرىسىدا يامراپ كېتىشى بۇنىڭ مىسالىدۇر. ئۇنداقتا مىللىي كىملىكنى نېمە بەلگىلەيدۇ؟ مىللىي كىملىك شۇ مىللەت ئەزالىرى بىلەن باشقا مىللەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشمايدىغان ئورتاق تىل، دىن

ياكى ئىرق ئاساسىدا بەلگىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قىسمى «تۆتىنچى دۇنيا ئەللىرى» (تەرەققىياتى ئىنتايىن ئارقىدا قالغان دۆلەتلەر )دىكى يەرلىك خەلققە ئالاقىدار بولۇپ، دۆلەت تېرورىزىمنى ۋە ئىرقى تازىلاشنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان. بۇ كۇتۇلمىگەن يەردىن نۇرغۇنلىغان ئىچكى قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، يېڭى دۆلەتلەرگە پارچىلىنىپ، نۇرغۇن يېڭى مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ پەيدا بولۇش تەھدىتىنى ئېلىپ كەلدى. يېقىنقى بىر مىسال شەرقىي تېموردۇر. ئۇ 400 يىلدىن بېرى پورتۇگالىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان، كېيىن 20 يىل ھىندىنوزىيەنىڭ شەپقەتسىز ھۆكۈمرانلىقىنى بېشىدىن كەچۈرگەن، 2002 ـ يىلى مۇستەقىل ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت بولۇپ، رەسمىي ھالدا خەلقئارا جامائەتكە قوشۇلغان، بۇ نۆۋەتتىكى دۆلەت ۋەزىيىتىنىڭ يۈزلىنىشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. 1990 ـ يىلىدىن 1998 ـ يىلىغىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلدا ئۈچتىن يېڭى دۆلەت مەيدانغا كەلدى.

يەرشارىدا 210 مۇستەقىل دۆلەتنىڭ كۆپىنچىسى ئوخشاش بولمىغان مىللەت ۋە قەۋملەردىن تەشكىللەنگەن. يەرشارىدا 3000 دىن 5000 گىچە يەرلىك مىللەت ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قىسمىلىرى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنى ئىزدىمەكتە، بۇنىڭ قىلچىمۇ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى خەلقنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، قانۇن ۋە تەرتىپنى قوغدىيالمايدۇ، ھۆكۈمەتكە قارشى چىققان خەلقنى قىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىنسانى ھوقۇقىنى قوغدىمايدۇ. ئەگەر ھەربىر ئاساسلىق «سىياسى، مىللىي ۋە دىنى توپ» لارنىڭ ھەممىسى مۇستەقىللىققا ئېرىشسە، كېلىنتون ئېيتقاندەك «دۇنيادا سەككىز يۈز، بەلكىم سەككىزمىڭ دۆلەت بولۇشى مۇمكىن».

مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش دۇنياغا قىيىنچىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېلىپ كېلىپ، ئاساسلىق قىممەت قاراشلىرىنى توقۇنۇشتۇردى. مۇستەقىل ئىگىلىك ھوقۇق ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئىنتايىن مۇھىم، لېكىن گۈللىنىش ۋە تىنچلىقمۇ مۇھىمدۇر. ئەگەر بۇ قىممەت قاراشلىرى تۈپكى جەھەتتىن توقۇنۇشسا، ئۇنداقتا ئۇلارنى قانداق تەڭشەش كېرەك؟ دۆلەت ئىچىمۇ كىچىك بىرلىكلەرگە پارچىلىنىپ كەتسە، ئىنسانىيەتنىڭ يىراق كەلگۈسىدىكى مەنپەئىتى ئۈچۈن بىر ياخشى ئىشمۇ ياكى بىر يوقىلىشمۇ؟

## 6. قۇدرەتلىك دۆلەتلەر كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشقا ئارىلىشامدۇ ؟

دۆلەت ئىچىدىكى توقۇنۇش دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە مەۋجۇت. نۇرغۇن ئاددىي پۇقرا ھۆكۈمەتنىڭ ئوچۇق ئاشكارە ئېزىشىغا ۋە زوراۋانلىق قىلىشىغا نىشانغا ئايلىنىپ قالدى. بىراق بۇ ھۆكۈمەتلەرنىڭ قورۇلۇشى سوت ۋە سايلام ئارقىلىق قانۇن ۋە تەرتىپنى قوغداش ئۈچۈن ئىدى. بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، دۇنيادىكى ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەخلاقىي ئۆتكۈمى ئۇلارنىڭ بىرلىشىپ تىنچلىقنى قوغداش ۋە تىنچلىق يارىتىپ ئارىلىشىش ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرەمدۇ- يوق، ئوچۇق ئاشكارا سەل قاراشلار خەلقئارا قانۇن قوبۇل قىلغان ھەرىكەت ئۆلچىمىدىكى دۆلەتلەردىكى يوشۇرۇن كىشىلىك ھوقۇق ھەرىكىتىنى ئاخىرلاشتۇرامدۇ-يوق دېگەندىن ئىبارەت. نۇرغۇن مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەردە، ھەرىيىلى يۈز بېرىدىغان زوراۋانلىق مىليونلىغان مۇساپىرلار ۋە ماكانسىزلارنى تۈركۈملەپ يۇرت ماكانىدىن ئايرىلىپ، خاتىرجەملىك ئىزدەشكە مەجبۇر قىلدى. يەر شارى گەۋدىسى ھەقىقى غايە ۋە غايىنى قوغداش ئىقتىدار سىنىقىغا دۈچ كەلدى، بىراق بۇ قوغداشنىڭ تەننەرخى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن. ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلارغا دىققەت قىلىش خەلقئارا

گەۋدىنىڭ ئىنكاسىنى قوغدىشى كېرەكمۇ ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئۆلۈمى جىمجىتلا غايىب بولۇشى كېرەكمۇ ؟

نۆۋەتتە كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى پىرىنسىپ جەھەتتە ھەممە جايدىكى كىشىلەرنى مىسلىسىز قوغداش بىلەن تەمىنلىدى، كىشىلەرنى تەشۋىشسىز تۇرمۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە قىلدى. ئەنئەنىۋى دۆلەت ھوقۇق قانۇن پىرىنسىپى ۋە ئارىلىشىش دائىرىسى تۈزىتىلدى. ب د ت نىڭ باش كاتىپى كوففىي. ئاننان دۆلەت ھوقۇقىغا يېڭىدىن مۇنداق چىرايلىق تەبىر بېرىپ: ”ھازىر دۆلەت كەڭ كۆلەمدە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قورال دەپ چۈشىنىش كېرەككى، بەلكى ئەكسىچە چۈشەنمەسلىك كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ... ھەربىر كىشىنىڭ تۈپ ئەركىنلىكىنى ب د ت نىڭ ئاساسى نىزامنامىسى ۋە كېيىنكى خەلقئارا تەرتىپ مەدەنىيىتى بەلگىلەيدۇ، شۇڭا ھەر بىر ئادەمنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئېڭى ئويغىنىش ھەمدە كېڭىيىش ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈشكە ئېرىشتى. بىز بۈگۈن نىزامنامىنى ئوقۇۋاتقىنىمىزدا، ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرۇپ شۇنداق ھېس قىلدۇقكى، بۇ نىزامنامىنىڭ نىشانى يەككە ئىنسانىيەتنى قوغداش، ھەرگىزمۇ ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلغان دۆلەتنى قوغداش ئۈچۈن ئەمەس.

پىرىنسىپ بىر مەسىلە، ئىنسانىيەتنىڭ مۇشەققەتكە ئۇچراش رېئاللىقى يەنە بىر مەسىلە. يەر شارىلىشىۋاتقان ئومۇمىي گەۋدىدىكى چوڭ دۆلەتلەر ھەرىكەتكە كېلىپ، ئېغىزدا دېيىلگەن ئېتىقادىنى قوللاپ، ئىنسانىيەتنى قىرغىنچىلىق زۇلۇمىدىن ئازاد قىلىپ چىقالىدىمۇ ؟ چوڭ دۆلەتلەر تۆۋەندىكى ئىنسانپەرۋەرلىك ئارىلىشىش پىرىنسىپىغا قوشۇلامدۇ: ئۇ قايسى ۋاقىتتا كىشىلىك ھوقۇققا كەڭ كۆلەملىك زىيانكەشلىك قىلىش قىلمىشىغا ھەربىي ئىنكاس قايتۇرۇشنى قانۇنلۇق دەپ بېكىتىدۇ؟ بۇنداق ھەرىكەت قانداق يەردە يۈز بېرىشىدىن

www.uyghurkitap



قەتئىينەزەر ئۇ قانداق ھەرىكەت زۆرۈر، ھەمدە قانداق ۋاقىتتا قارار چىقىرىدۇ، كىم قارار چىقىرىدۇ؟ كوففېي. ئاننان: «رىقابەت ئەنئەنىۋى ئىگىلىك ھوقۇق ئۇقۇمىدىن ھالقىپ كەتتى، شۇڭا بۇنداق ئۇقۇم يەنىلا ئىنسانپەرۋەرلىك كىرىزىسىگە ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللىنىشتا توسقۇنلۇققا ئۇچرىماقتا. ھەرقايسى دۆلەتلەر ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر يۈز بەرگەندە، ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىپ، خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىنى قوغدىماستىن، بەلكى قول قوشتۇرۇپ چەتتە قاراپ تۇغۇزماقتا» دېدى.

ئەگەر يەر شارى ئورتاق گەۋدىسى بارلىق كىشىلەردە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە باب كېلىدىغان ھوقۇقنىڭ بارلىقىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتسە، بۇ كىشىلىك ھوقۇقلار ئورتاق گەۋدە ئۈچۈن «ئورتاق يەرشارى مەنپەئەتى» نىڭ يادروسىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنداقتا ئۇ تۆپكى ھەمدە ھەل بولمايۋاتقان مەسىلىگە جاۋاب ۋە ھەرىكەت قوللانمىسا بولمايدۇ: «ئورتاق مەنپەئەت دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭغا كىم تەبىر بېرىشى كېرەك؟ كىمنىڭ ھوقۇق بېرىشىدە كىم كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىشى كېرەك؟ قانداق ۋاستىلەر بىلەن ئارىلىشىش كېرەك؟». ئەگەر بۇ زور ئەھمىيەتلىك مەسىلىلەردە ئورتاق تونۇشقا كەلمىسە، ئەگەر دۇنيا ئىنسانپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ ۋەدىسى ئوخشاش بولمىغان رايون ياكى دۆلەتنىڭ كوللېكتىپ بىخەتەرلىك ھەرىكىتىنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشەلمەيدىكەن، ھەقىقەتەن يەرشارى خاراكتېرلىك تۈزەش مەسىلىسى تۇغۇلىدۇ.

## 7. 21 ـ ئەسىردە ئامېرىكا، خىتاي ياكى ياۋروپا ئىتتىپاقى قاتارلىقلار دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلامدۇ ؟

نۆۋەتتە ئامېرىكا يەرشارىدا ھوقۇقنىڭ ئەڭ يۇقىرى

پەللىسىدە تۇرماقتا. ئۇنىڭ رىقابەتچىسى يوق. ئۇنىڭ ھەربىي كۈچى، ئىقتىسادى ۋە تېخنىكا كۈچى شۇ قەدەر قۇدرەتلىككى ئۇ ئەڭ ئالىي ھوقۇقنى ئىگىلىمەكتە. بايلىق ئۇنىڭ قولىغا يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن. ئۇ ئىگىلىگەن دۇنيا بايلىقى ۋە ھەربىي كۈچ، ئىلگىرىكى تارىخى دەۋرلەردىكى ھەرقانداق ھۆكۈمران ياكى يەرشارى رەھبىرىنىڭكىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى.

بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى: ئامېرىكا ھازىر «چەكلىمىسىز»، «ئۇ دۇنيادىكى چوڭ دۆلەتلەر دۈچ كەلگەن چەكلەش ۋە بەنت قىلىش»نى قوبۇل قىلمايدۇ. ئامېرىكا بىر «پالۋان»، بىر «ئىمپېرىيە». ئومۇمىيۈزلۈك شۇنداق قارىلىدۇكى: بىر «ئىمپېرىيە» ياكى قۇدرەتلىك ئىدارە قىلغۇچى، دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلىك مەرتىۋىسىنى ساقلاشقا تىرىشقۇچى ھەمدە دۈشمەنلەر ۋە باشقا دۆلەتكە تەسىر پەيدا قىلغۇچى، ھەتتا خالىغانچە ھەربىي ۋاستە قوللىنىش قۇدرىتىگە ئىگە.

بۇ خىل مۇھىت ئامېرىكىغا ھالقىلىق تاللاش ئاتا قىلغان: يەر شارىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ياكى پىرىنسىپ جەھەتتە يەرشارىغا رەھبەرلىك قىلىش. ئامېرىكىنىڭ تاللىشىنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە تەسىرى ئىنتايىن زور. ئۇ ئامېرىكىنىڭ قانداق ئىلگىرىلىشىنى بەلگىلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. ئامېرىكىنىڭ يەرشارى ھوقۇقىدىكى مونوپوللۇقى، مەيلى ياخشى ياكى يامان بولسۇن، بىزنىڭ ئورتاق تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن. ئامېرىكا يەر شارى ئىستراتېگىيىسى ئۈچۈن، ھوقۇقنى قانداق ئىدارە قىلىشى بەلكىم ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىنى ئۈزۈل ـكېسىل بەلگىلىيەلىشى مۇمكىن.

بىز دۈچ كېلىۋاتقان ئايىغى چىقمايدىغان مەسىلە شۇكى،

ئامېرىكا ھوقۇقنى ئاقىلانىلىك بىلەن ئىشلىتىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتى ۋە يەر شارى ئورتاق گەۋدىسىنىڭ پاراۋانلىقىنى ئىلگىرى سۈرەمدۇ - يوق دېگەندىن ئىبارەت. بەزى كىشىلەر شۇنداق ئىشىنىدۇكى، ئامېرىكا خەلقئارا ئىشلاردا زىيادە ئۆزگە ئىشەنگەن ۋە ھېچكىمنى نەزىرىگە ئىلمىغان ھالدا ماڭماقتا، بۇ يول باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتى ۋە غەمخورلۇقىنى نەزەردىن ساقىت قىلدى، ھەمدە يەر شارى ئورتاق گەۋدىسىدىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش - ئىرىشەلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، ھوقۇقنى يەككە ياقلىمىلىق بىلەن ئۆزى ئويلىغان ئىشلارغا ئىشلەتتى. بەزى تەنقىدچىلەر مەسىلەن: رېگان ھۆكۈمىتىدىكى سىياسەت بەلگىلىگۈچى كىلايد. پىلاستىۋىدكە ئوخشاش، ھەتتا ئامېرىكىنىڭ قىلمىشى خەلقئارا قانۇننىڭ چەكلەش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ قانۇنى بويىچە ئىش قىلماقتا، ئۆزىنىڭ قورشاۋ شاھمات پرىنسىپى بويىچە شەكىللىنىۋاتقان «لۈكچەك دۆلەت»كە ئايلاندى. باشقىلار ئامېرىكىنىڭ ئۈستۈنلۈك ھوقۇقى ئۆزىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ھەمدە ئاسانلا تەنقىدكە ۋە چەتئەلدىن كەلگەن ھۇجۇمغا ئۇچرايدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. بۇ كۆز قاراشقا ئاساسەن «11-سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن ئامېرىكا قورقۇنچتا قالدى، ئامېرىكا دۇچ كەلگەن تېررورىزىم تەھدىتى تەرىپىدىن قايمۇقتۇرۇلدى. ئامېرىكا ئەندىشە ئىچىدىكى ھەمدە ئۆز-ئۆزىنى ھالاك قىلىۋاتقان ئىمپېرىيە. بۇ خىل كۆز قاراشنىڭ داۋاملىشىشى ئامېرىكا «ئۆزى بىلەن كۆرەش قىلىپ، تېخىمۇ گۈزەل دۇنيا قۇرۇش پۇرسىتىنى ئىسراپ قىلدى »دېگەن قاراشتۇر.

21-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 10 يىلىدا ئافغانىستان ئۇرۇشى ۋە ئىراق ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىكى بۇنى دۇنيانى قاپلىغان «ئامېرىكىغا قارشىچىلىق» ئېقىمىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئامېرىكا يەرشارىدىكى بىر ئىمپېرىيە

بولۇش سۈپىتى بىلەن، خەلقئارادا نېمە ئىش قىلىمەن دېسە دەرىجىدىن تاشقىرى ھوقۇقلۇق بولۇپ، بۇ بابتا مۇنازىرە قىلىشۋاتقان ھەربىر خەلقئارالىق مەسىلە ۋە ۋەزىيەتكە چوقۇم چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

يەنە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇزۇندىن بېرى ناۋادا ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئىمپېرىيە تارىختا ئۆتكەن بارلىق ئىمپېرىيەگە ئوخشاش ھامان يوقىلىدۇ، دېيىلسە ئامېرىكىنىڭ دەۋرىمۇ ئاخىرلىشىدۇ. ئىمپېرىيە ھامان «ئىمپېرىيەنىڭ بەختسىزلىك»نى پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت مۇقىمسىز بولغان «قۇم ئىمپېرىيە» ئۈستىگە قۇرۇلغان. يەنە بىر جەھەتتىن، بەزىلەر ئامېرىكىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ھوقۇقى مۇقەررەركى «دۇنيانىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ» دەپ ئىشىنىدۇ. ئامېرىكىمۇ دەرىجىدىن تاشقىرى ھوقۇقىنى ئاقىلانە ۋە ئادالەت بىلەن توغرا ئىشلىتىشى كېرەككى، تېخىمۇ گۈزەل دۇنيا قۇرۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالماسلىقى كېرەك.

بۇ ئىستراتېگىيە تەڭلىكى بىر قېتىملىق «ھوقۇق ئالمىشىش»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، يېڭى باش كۆتۈرگەن رىقابەتچىلەرگە نىسبەتەن، ئامېرىكىنىڭ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ھامىنى ئاجىزلىشىدىغانلىقى ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن. ئامېرىكا ئاخبارات ئورگىنى (NIC) پەرەز قىلىپ، 2020-يىلىغا بارغاندا جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئامېرىكىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، دۇنيادىكى ئەڭ زور ئىقتىسادى گەۋدىگە ئايلىنىدۇ دەپ جاكارلىغان. بۇ گەرچە بىر پەرەز بولسىمۇ قانداقلا بولمىسۇن بۈگۈنكى ئەڭ قىزىق نۇقتا ئامېرىكا زومىگەرلىكىگە «خىتاينىڭ جەڭ ئېلان قىلىشى». «يېڭىلىق يارىتىش قۇدرىتى كىرىزىسى» سەۋەبىدىن، ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستان ئۇرۇشى ئۈچۈن توپلىغان مەبلىغى، ئامېرىكىنىڭ خىتاي، ياپونىيە ۋە باشقا دۆلەتلەرگە غايەت زور قەرزگە بوغۇلۇشقا سەۋەب بولدى.

www.uyghurkitap



ئامېرىكىنىڭ زومىگەرلىكى ئاجىزلىشىشقا باشلىدى. ھەقىقەتەن خىتاي ئامېرىكىنىڭ غايەت زور سودا ھەمراھى، خۇددى كەسرىن. بابىرى كۆرسەتكەندەك ئۆزئارا سودا قانچە كۆپ بولغانسېرى ئەمەلىيەتتە دۆلەتلەر كۆپ ئۇرۇشىدۇ. «سودا بايلىق يارىتىدۇ، بىراق بەزى دۆلەتلەرنىڭ بايلىقى ھەربىي ئىشلارنى مەقسەت قىلىدۇ». خىتاي ئامېرىكىنىڭ يەرشارىنى ئىدارە قىلىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنى ئېلىشى مۇمكىن، ئەمما بۇ جەريان بەدەلسىز، توقۇنۇشسىز بولمايدۇ. 2003-يىلى خىتاي دۆلەت رەئىسى خۇجىنتاۋنىڭ مەسلىھەتچىسى يېگى بىر نەزەرىيەنى ئوتتۇرىغا قويغان. خىتاينىڭ بۇ "تىنىچ باش كۆتۈرۈش" نەزەرىيەسى، ئىلگىرى باش كۆتۈرگەن چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئۇرۇشقاق قىلمىشىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، خىتاي بىلەن باشقا ئەللەرنىڭ سودا ھەمكارلىقى ئارىسىدىكى ئىقتىسادى مۇناسىۋەتنىڭ ئۇرۇشنى پەيدا قىلىشى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىغا سىغمايدۇ، ئەكسىچە ئەمەلىيەتتە ھەممە تەرەپلەر بىرلىكتە باش كۆتۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ نەزەرىيە ناملا ئۆزگەرگەن نەزەرىيىدۇر. ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىلگىرىكى ئىدىيەنىڭ داۋاملىشىشى ۋە شەكىل ئۆزگىرىشىدۇر. مەسىلەن: «تىنىچ تەرەققىي قىلىش» ۋە «تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش». خىتاي ئوخشاش بىر گەپنى قانداق نام بىلەن ئاتىشىدىن قەتئىينەزەر، شۇنداق بىر ئىش ئېنىقكى: باشقا دۆلەتلەرنىڭ بۇ مەسىلىگە قانداق قارىشىنى ئويلىشىش ئۇچۇن، خىتاينىڭ نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىشقا يېتەرلىك باھانىسى بار. گەرچە ئۆتكەن 20 يىلدا خىتاينىڭ ئىقتىسادى ئېشىشى دۆلەت ئىچىدە غايەت زور بايلىق ياراتقان بولسىمۇ، خەلق ئۇچۇن بەخت يارىتالمىدى، تېخىمۇ موھىمى دۆلەت سىرتىدا ئەندىشە پەيدا قىلدى. بىيجىڭ بىلىدۇكى، ئامېرىكا ۋە پۈتكۈل ئاسىيادىكى دۆلەتلەر خىتاينىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئىنتايىن ھوشيارلىق بىلەن تىكىلمەكتە. خىتاينىڭ ھامان

بىر كۈنى زومىگەرگە ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سېلىشىدىن ئەنسىرىمەكتە. بېيجىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، خىتاينىڭ يېڭى بىر ئىستراتېگىيەگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكى ئېنىق، بۇ ئىستراتېگىيە ئىقتىسادنىڭ ئىزچىل ئۆسۈشىگە، تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە ھەربىي كۈچنى كۈچەيتىشكە يول قويۇشى كېرەككى، باشقا دۆلەتلەرنى مۇستەملىكە قىلىش، ئۇلارنى غىدىقلاپ غايەت زور بەدەل تۆلەيدىغان ھەربى تەييارلىق رىقابىتى بولماسلىقى كېرەك. خىتاينىڭ مەقسىدى دۇنيانى ئۆزىنىڭ دوستانە پالۋانلىق ئىستراتېگىيەسىگە، ئامېرىكىغا قارشى بىر كۈچ ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئوخشاشلا، يەر شارى ۋەزىيىتى ياۋروپانىڭ 21- ئەسىردە يەرشارى خاراكتېرلىك رەھبەرلىك كۈچ ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىۋاتىدۇ. ئامېرىكا، ئاسىيا ۋە ياۋروپادا بولۇۋاتقان بۇنداق بىر خىل ھوقۇق يۆتكىلىشى دۇنيا سىياسىيسىنى ئۆزگەرتىدۇ، ئەمما بۇ ئۆزگىرىشنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىنتايىن تەس. يەرشارىنىڭ كەلگۈسى كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدىكى رىقابەتتە كۆرۈلىدىغان نەتىجە سەۋەبلىك بەلگىلىنىشى مۇمكىن.

## 8-يەرشارىلىشىش رېتسېپمۇ ياكى ئەپسۇنمۇ ؟

نېمە ئۈچۈن بۈگۈنكى دۇنيا ۋە دۇنيادىكى دۆلەتلەر تېزگىنلەشتىن يىراقلىشىدۇ؟ بىر جاۋاب شۇكى، بۇ يەرشارىلىشىشنىڭ نەتىجىسىدۇر. يەرشارىلىشىش كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلىنغان ئىجتىمائى قۇرۇلمىنىڭ پرىنسىپ تىلى، بىر ئۆزگەرتىش كۈچى دەپ چۈشىنىلمەكتە. بىر ئۆزئارا بېقىنىدىغان بۇ مۇرەككەپ، ئۆزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقان يېڭى دەۋردە، يەرشارىلىشىش تەسىرى كەڭ بولغان ئىدارە قىلىش كىرىزىسى پەيدا قىلماقتا. يەرشارىلىشىش كىشىلەرنى، ھازىر يەرشارىدىكى ھەربىر ئادەم

ۋە ھەربىر ئىش ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا، تېخىمۇ زىچ باغلىنىشلىق دېگەن قاراشقا ئېلىپ كەلدى. بىراق تۈزۈم ئاساسىدىن قارىغاندا، يەر شارىلىشىش ئاجىز، ئۇ ئۆزگىرىش كۈنسېرى تېزلىشىۋاتقان يەرشارى خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگەن، كەڭ كۆلەملىك ئۆزگىرىشنى باشقۇرۇشقا تولۇق تەييارلىق قىلىپ بولالمىدى. ئالاقە ۋە ئۇچۇر ئىنقىلابى ئۇچۇر، كاپىتال، خادىم ۋە خىزمەت پۈرسىتىنى دۆلەت ھالقىتقۇزدى.

بۇ ئۆزگىرىشتە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە چېگراسىز دۇنيادا، يەرشارىنىڭ بىرگەۋدىلىشىشى ۋە ئومۇملاشقان جاھانچىلىق مەدەنىيىتى ئالللىقاچان ئەسلىدىكى مۇستەقىل يۈكسەك بىلىش ۋە غوجىدارلىق تۇيغۇسىنى ئاجىزلاتتى. نۇرغۇنلىغان دۆلەت بىر قىسىم ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئىلگىرى سۈردى. رىقابەتكە تولغان خەلقئارا بازاردا ھەمكارلىشىش تېپىدىكى قاتنىشىش مەنپەئەتكە ئىگە قىلدى. ھەربىر يەر شۇنداق بىر گەپنى ئاڭلىيالىدىكى: چەك ـ چېگرا ۋە توسالغۇ مىللەتچىلىك بىكىنمىچىلىكىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن تىرىلىشى مۇمكىن ئەمەس. «ياكى دۇنياغا قېتىلىش ياكى دۇنيادىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش»، فىرانسىيەنىڭ ئىلگىرىكى زۇڭلىسى ئېدۋارد «مىللەتچىلىكنىڭ ئاخىرلىشىشى» دەپ تەسۋىرلىگەن.

ئۇمىدۋارلارنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە قارىغاندا، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تەقدىرىنى ھېس قىلىپ ھەمدە نۇرغۇنلىغان ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت ۋاستىسى بىلەن يەرشارى مەسىلىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى بارغانسېرى ئاجىزلايدۇ، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى رىقابەتتىن ۋاز كېچىشنى كۈچەيتىدۇ. بۇ خۇلاسىگە ئاساسلانساق، توقۇنۇش ئازىيىدۇ ئىنسانىيەت دۆلەت چېگراسى ۋە دېڭىز ـ ئوكيان ھەتتا سەپەر قىلىش، ئالاقە، سودا قاتارلىقلار تۈپەيلى كېلىپ چىققان

يەرشارىدىكى كۆپ خىل رىقابەتكە تاقابىل تۇرالمايدۇ، دېگەننى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىشى كېرەك. بۇ خىل ئورتاق مەسىلىلەر پەقەت كوللېكتىپ كۆپ تەرەپلىمە ھەمكارلىق ئۇسۇلى بىلەن ئاندىن ھەل بولىدۇ. يەرشارىلىشىش بىر كۈچلۈك تورنى شەكىللەندۈرمەكتە، يەرشارى ئىشلىرى تورىغا كىرگەن دۆلەتلەرنىڭ تاشقى سىياسىي قىلمىشى نىسبەتەن چەكلىمە ھاسىل قىلىدى. نەتىجىدە يەرشارىلىشىش دۆلەتلەرنىڭ ھەمكارلىقى كەم بولسابولمايدىغان ھالغا ئېلىپ كەلدى. بۇ خىل كۈچەيتىلگەن دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت قارشى ئېلىنىشى كېرەك.

يەرشارىلىشىشقا ئالاھىدە پايدىلىق بولغان ئەھۋال: ھەربىر ئادەم باشقىلارغا تايانغان چاغدا، بارلىق كىشىلەر بىرلىكتە خىزمەت قىلىشى كېرەك. يەرشارىنىڭ ئۆزئارا بېقىنىشى دۆلەتلەرنى ئىلگىرىكى رىقابەت خاراكتېرلىك ئۆزئۆزىگە ياردەم قىلىش شەكلىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ، چۈنكى ئۇلار بارغانسېرى كۆپ ئورتاق مەنپەئەت ئېھتىياجى ئۈچۈن ئۆزئارا ھەمكارلىشىدۇ، ئۆزئارا ئۇرۇشىدىغان مۇددىئاسى بارغانسېرى ئازلايدۇ. ئۇمىدۋارچىلار شۇنداق قارايدۇكى، يەرشارىلىشىش بىرلىككە كەلگەن ۋە ئالغا باسقان توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان يۈزلىنىش؛ يەر شارىلىشىش بىر ئاممىۋى مەھسۇلات، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. چۈنكى ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا ھەربىر يەردىكى ھەربىر ئادەمنىڭ بايلىقىنى كۆپەيتىدۇ.

ئۈمىدسىزلەرنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە قارىغاندا، يەرشارىلىشىش تەتۈر ئىلگىرلەش بولۇپ، دۆلەت ھالقىغان ھەمكارلىقنى ئېلىپ كېلەلمەيدۇ، ئۇ رىقابەت ئېلىپ كېلىدۇ. گەرچە ئېھتىياج كىشىنى قانچىلىك قايىل قىلسىمۇ، كىرىم ھەرقانچە يۇقىرى بولسىمۇ، كۈچەيتىلگەن مۇناسىۋەت ۋە يۈزلىنىش بىر گەۋدىلەشكەن يەككە دۆلەت جەمئىيىتىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋەزىيەتتى ئۆچمەنلىككە هامىلدار بولىدۇ، ھەرگىزمۇ دوستلۇقنى تۇغمايدۇ. مۇشۇ نۇقتىئىنەزەرگە ئاساسلانغاندا، يەرشارىلىشىش ئۇستۇن ئورۇندىكى دۆلەت كۈچىنى كۈچەيتتى، بىراق ئاجىز دۆلەتنىڭ گۈللىنىشىنى چەكلىدى. باشقا بىر يۈكسەك قاتلامدىكى يەرشارى دەرىجە تەرتىپىدە يېڭى تەڭسىزلىك پەيدا قىلدى، باي دۆلەتلەر بىلەن كەمبەغەل دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئۈزلۈكسىز چوڭايدى. يەرشارىلىشىشنىڭ پايدىسى ئادىل تەقسىم قىلىنمىغاچقا، يەرشارىلىشىش ئۇتقانلار بىلەن ئۇتتۇرغانلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئۆزئارا چىرمىشىپ كەتكەن ئىقتىساد ھەرقايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىكى مۇناسىۋەتنى ناچارلاشتۇرىدۇكى، ھەرگىزمۇ ياخشىلىمايدۇ. ئۆتكۈر رىقابەتتە يوقسۇزلۇق ۋە مىللەتچىلىك يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن ئەھۋالدا، سودا ۋە باشقا تىجارەت ئارقىلىق قورغان ھاسىل قىلىدۇ. يەرشارىلىشىشنىڭ دۆلەتنىڭ ئۆزئۆزىگە خوجا بولۇشىغا زەربە بېرىشىنى توسۇپ قالىدۇ، ئازدۇرۇشنى توسۇپ قىلىش تەس بولۇشى مۇمكىن. ھەربىي كۈچنى قوللىنىپ ئېرىشىدىغان سىياسى نەپنىڭ ئېزىقتۇرۇشىمۇ داۋاملىشىدۇ: «ئۆزئارا تايىنىش ئورۇشمۇ، تىنچلىقمۇ ئېلىپ كېلىدۇ». چۈنكى يەرشارىلىشىشنىڭ بارغانسېرى كۈچەيتمۋاتقان تورى خەتەردىنمۇ، پۇرسەتتىنمۇ سىگنال بەرمەكتە.

ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىۋاتقان يەرشارىلىشىش دەرىجىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىشىلەر يەرشارىلىشىشنىڭ دۆلەتنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتتى. دۆلەتنىڭ ئۆز ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىزلىماقتا.

يەرشارىلىشىۋاتقان تېرورىزم دەۋرىدە، دۆلەتلەرنىڭ ئۆز زېمىنى ئىچىدە ئىقتىساد، سىياسى، مۇھىت ھەتتا بىخەتەرلىكنى

باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئىگىلىك ھوقۇق ئىقتىدارى بارغانسېرى ئاجىزلىماقتا. دۆلەت چېگرا سىرتىدىكى بېسىم ۋە مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى يوقاتقاچقا، ئۇلار تەسىر كۈچى ۋە تونۇش تۇيغۇسىنىڭ يوقىلىشىدىن ئەنسىرىمەكتە.

ئۆزئارا بېقىنىش (ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىچىدىكى تۇرمۇش سۈپىتى باشقا دۆلەت ئەھۋالىغا كۈنسېرى تايانماقتا) نۆۋەتتە ھەتتا ھەربىر دۆلەت دۈچ كەلگەن تاشقى رىقابەتنىڭ يادروسىدۇر. يەرشارى كۈن تەرتىپىنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ كەتتى، دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى دۇنيا مىقياسىدىكى بازار ۋە يەرشارى مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈردى. بۇ چېگراسىز دۇنيادا، يەرشارىلىشىش دۆلەتنىڭ خوجىدارلىقىنى ئاجىزلاشتۇردى. بىراق يەرشارىلىشىش دۆلەت ۋە خەلقئارانىڭ، شەخس ۋە ئومۇمنىڭ، شۇنداقلا دۆلەت ئىچى ۋە دۆلەت سىرتىدىكى ئىشلاردىكى ئەنئەنىۋى پەرقىنى يوقاتماقتا.

ئەمەلىيەتتە، يەرشارىلىشىشۋاتقان بۇ دۇنيادا يەرشارىنى باشقۇرۇشتا تەشكىللەش كەمچىل بولغان ئەھۋالدا، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە ئېغىر مەسىلە مەۋجۇت. بىر كۆپ مەنبەلىك دۇنيادا «نۇرغۇن يەرشارىلىشىش» ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرگە ئوخشاش بولمىغان تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇشۇنداق نۇرغۇن كىشىلەر يەرشارىلىشىشنىڭ پايدىسىغا ئېرىشەلمىگەندە،ئۇنىڭ تەھدىتىگە يولۇققاندا، دەرھال ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەندە، بۇنداق مۇرەككەپ ئەھۋالنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك ؟

يەرشارىلىشىشنى بىر يېشىل، پاكىز، ھېسداشلىققا باي ھالدا يۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، يەرشارىدىكى شەھەر ئاھالىسى جەمئىيىتى ئەڭ زور دەرىجىدە يەرشارىنى ئىدارە قىلىشقا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap



تېخىمۇ زىچ دۇنيانى باشقۇرۇشقا قاتنىشىشقا موھتاج بولىدۇ. يەرشارىلىشىش ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئاجىزلاشتۇردى. بىراق، ئوخشاش كۈچ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە نۇرغۇن ھۆكۈمەتلەرنىڭ كۈچىنى كۈچەيتتى. كەلگۈسىدىكى مەسىلە شۇكى، يەرشارى ئاممىۋى سىياسەت تورى ئىنسانىيەتنى يەنە بىرقەدەم ئىلگىرلىتەمدۇ، بۇ مەسئۇلىيەتنى ھۆكۈمەتتىن خالىي تەشكىلاتلار ئۈستىگە ئېلىشنى ئىنسانىيەت ئۈمىد قىلامدۇ-يوق؟ بۇ ھۆكۈمەتتىن خالىي تەشكىلاتلار نىسبەتەن كۈچسىز ھەمدە ئۈزلۈكسىز كۆپەيمەكتە، ئۇلارنىڭ سانى 29807 گە يەتتى. ئەگەر ھەرقايسى دۆلەتلەر بۇ رىقابەتكە تاقابىل تۇرالمىسا، ئۇنداقتا، دۇنيا خەلقى يېڭى بىر يەرشارى مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈشنى ئۈمىد قىلامدۇ-يوق، ئۇنىڭدا كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلىنغان دۆلەت ھالقىغان يەرشارىنى ئىدارە قىلىش ۋە يەرشارىنى قېلىپلاشتۇرۇش بارمۇ؟ مۇنازىرە قىلىنىدىغان بۇ مەسىلە 21-ئەسىر دۇنيا سىياسىيسى يۈزلەنگەن ئەڭ مۇھىم كۈن تەرتىپلىرىنىڭ بىرى.

## 9- رېئالىزم ھامان رېئاللىق، بىراق دېموكراتىزم يەنىلا غايىۋىزىممۇ؟

«2-دۇنيا ئۇرۇشى» ھارپىسىدىن بىرى، رەھبەرلەر ۋە ئىلىم ئەھلىلىرى پۈتۈنلەي رېئالىزملىق نۇقتىئىنەزەردە ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە ۋە كۆز قارىشىنى شەكىللەندۈرۈپ كەلگەن. ئۇلار رېئالىزمغا تايىنىپ خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىياتىنى ھەل قىلدى ۋە مۆلچەرلىدى، بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. 1939~1989-يىلىغىچە بولغان توقۇنۇشقا تولغان 50 يىل رېئالىزمنى مۇنبەت تۇپراق بىلەن تەمىنلىگەن يىل بولدى. رېئالىزم باشقا ھەرقانداق نەزەرىيەۋى نۇقتىئىنەزەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ھوقۇققا نىسبەتەن ئومۇمىيۈزلۈك كۈچلۈك ئارزۇسىنى، ئىمپېرىيەنىڭ كېڭىيىشى ۋە

زومىگەرلىك تالىشىشىنىڭ جىددىي تەلىپىنى، بارلىق ھەربىي تەييارلىقلار مۇسابىقىسى ھەمدە ھەربىي بىخەتەرلىككە مەپتۇن بولۇش ئىسراپچىلىقنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۈردى.

بىراق «11-سىنتەبىر ۋەقەسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، مەسىلىنىڭ ئىلگىرىكى دۇنيا سىياسىيسىدا نەزەردىن ساقىت قىلىنغان پەقەت ئوخشىمايدىغان يەنە بىر يۈزى ئاندىن ئاشكارىلاندى. تىنىچ ۋە گۈللەنگەن 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا، دۇنيا كۈن تەرتىپى سىياسىيىنى ئاساس قىلىشتىن ئىقتىسادنى ئاساس قىلىشقا ئۆزگەردى، ھەرقايسى دۆلەتلەر چوڭ دۆلەتلەرنىڭ زومىگەرلىكى ئۈچۈن يۈرگۈزگەن رىقابەت ئىشلىرىنى ئازتولا بىر تەرەپ قىلدى، بىراق ئۇزلۇكسىز كۆپىيىۋاتقان دۆلەت ھالقىغان ئۆزئارا بېقىنىدىغان ئىشلارنى تېخىمۇ كۆپ بىر تەرەپ قىلدى. مەسىلەن: يەرشارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشى، سودا باراۋەرلىكى، مۇھىت قوغداش قاتارلىقلار.

نۇرغۇن نەزەرىيەچىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، كېڭەيگەن ۋە ئۆزگەرگەن دۇنيا كۈن تەرتىپى رېئالىزم دەل ئوتتۇرىغا قويغان مۇھاكىمە دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا رېئالىزمنىڭ ئاداۋىتى سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي قاتارلىق خەلقئارا ئىشلاردا رىقابەتنى تېخىمۇ چوڭقۇر قاپلىدى. نۇرغۇن تەنقىدچىلەر رېئالىزم سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىغا ئەگىشىپ كەلگەن دېموكراتىك ئىنقىلابنى پەرەز قىلالمىغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزلىكىدىن چېكىنىدى ھەمدە يەرشارىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ھەمكارلىقىدىن خاتىرجەمسىزلەندى.

ھازىر ئېنىق بولمىغان يېڭى نەزەرىيە قانداق ياكى قانداق بولۇشى كېرەك، چۈنكى رېئالىزمنىڭ رىقابەتچىلىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئۇسۇل ئوخشاش ئەمەس. بىراق نۇرغۇن كىشىلەر بىر نۇقتىئىنەزەرنى قوللايدۇ، يەنى «يېڭى تېخىمۇ ئېنىق بولغان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.c



رېئالىزمنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان غايىچىلىك نەزەرىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى»، ھەمدە «دېموكراتىيىزىمنىڭ خەلقئارا مۇراسىمى تەكشۈرۈپ بېقىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئاساس بار». نۇرغۇن ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر يېڭى لىبېرالىزم ئارقىلىق دۇنيا سىياسىيسى ۋە يەرشارىلىشىش ئېلىپ كەلگەن ئۆزگەرگەن مۇھىتنى چۈشەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

يەرشارىدىكى جىددىيلىكنىڭ پەسىيىشى، ئىناق يەرشارى ھەمدە ھەمكارلىق بىلەن ئۆرۈش نىسبىتىنىڭ ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىشى يېڭى لىبېرالىزم خەلقئارا مۇناسىۋەتنى تەسۋىرلەيدىغان ۋە چۈشەندۈرىدىغان بىر خىل ئۇسۇل بولۇش سۈپىتى بىلەن بارغانسېرى قارشى ئېلىنىشى مۇمكىن. بىراق ئەگەر يېڭى بىر مەيدان ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى مەيدانغا كەلسە، ھەتتا يۈكسەك ھەربىي تەييارلىق قىلغان ئىككى رەقىب جەڭ قىلسا، لىبېرالىزم ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغان ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش، يەنە بىر قېتىم غايىۋىيلەشكەن ۋە ئۈمىدۋار دەپ قارىلىدۇ.

21-ئەسىر دۇنيا سىياسىيسى توقۇنۇش ۋە ھەمكارلىق، بىرلىككە كېلىش ۋە بۆلۈنۈش، تەرتىپ ۋە تەرتىپسىزلىك گىرەلىشىپ كەتكەن ھالدا داۋاملىشىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ قوش ئالاھىدىلىك بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەلگۈسى دۇنيا سىياسىيسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرسە ئۇنداقتا، ئۇنىۋېرسال رېئالىزم بىلەن لىبېرالىزمنىڭ تۇرلۇك كۆز قارىشى نۇقتىئىنەزىرى ئوخشاش بولمىغان يولنى تۇتۇشقا موھتاج بولىدۇ. بەلكىم دۇنيا سىياسى نەزەرىيەسى قايتا قۇرۇلۇشى مۇمكىن، بۇ نەزەرىيە يېڭى رېئالىزم بىلەن يېڭى

ئەنئەنىۋى رېئالىزملىق خەلقئارا سىياسىي نەزەرىيەنى ھەمدە يېڭى لىبېرالىزملىق خەلقئارا سىياسىي نەزەرىيىنى ئەڭ كېرەككە كېلىدىغان ۋە ئەڭ ئەقلىي پەرەز بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ، يەرشارىنىڭ كەلگۈسى سىياسىتىنى بەلگىلەشنى چۈشەندۈرىدىغان ۋە يېتەكلەيدىغان ئەقلىي رامكا بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 10.دۇنيا خاتا ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتامدۇ ؟

تىنچلىقنى ساقلاش ئۈچۈن بىر دۆلەت چوقۇم ئۇرۇش تەييارلىقى قىلىشى كېرەك. بۇ كلاسسىك رېئالىزمنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك پرىنسىپى. بىراق ھەر دۆلەت گۈللىنىش، ئەركىنلىك ۋە پاراۋانلىق شارائىتى ئاجىزلىشىشنى يېڭىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلامدۇ ؟ ياشاش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش بارلىق جانلىقلارنىڭ تەقدىرى، پەيلاسوپ مارتىن. ج. سېگىل : ئىنسانىيەتنى مىسالغا ئالساق، بىز ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئۆلىۋالماقتىمىز. دۇنيادىكى چوڭ دۆلەتلەر ئۆلارنىڭ ئورتاق دۈشمىنىگە جەڭ ئېلان قىلىشى كېرەك، بۇ دۈشمەن ئىنسانىيەتتىن ئاۋۋالقى كۆپلىگەن جانلىقلارنىڭ ئاپەتكە ماسلاشقۇچىلارنىڭ ھاياتلىق كۈچىنى ۋەيران قىلىۋەتتى.

پەيدىنپەي باشقا دۆلەت بىلەن قەتئىي رىقابەتلىشىش ئىرادىسىدىكى دۇنيا رەھبەرلىرى بارغانسېرى ئازلىماقتا. فرانسىيە زۇڭتۇڭى مىتىراند (密特朗) 1983 ـ يىلى ئاگاھلاندۇرۇپ: «بىز چوقۇم كۆز ئالدىمىزدىكى مەسىلىنى، بولۇپمۇ ئىشسىزلىق ۋە تەرەققىي تاپماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ھەقىقى ئۇسۇلىنى جىددىي تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك»، بۇ تەسەۋۋۇردىكى(كەلگۈسى) ئۇرۇش مەيدانى. ھىندىستان زۇڭلىسى ئىندىرا. گەندى بىشارەت بېرىپ: « بۇ ئۇرۇش بىر بولسا ئىنسانىيەتنى قۇرۇتىدۇ ۋە يەرشارىنى ۋەيران قىلىدۇ، كەلگۈسىنى

www.uyghurkitap



يوقىتىدۇ: بىر بولسا ھەر جايدىكى ئەر ۋە ئايال تىنچلىق تەلەپ قىلىدىغان ئورتاق ئاۋازدا توۋلايدۇ ھەمدە ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت كۆز قارىشى بىلەن بۈگۈنكى بىلىمنى بىرلەشتۈرۈشنى جىددىي تەلەپ قىلىدۇ. پەقەت ئىنسانىيەتنى بىر گەۋدە دەپ قارىساق، ھەمدە يەرشارى مەسىلىسىگە پۈتۈن گەۋدە بويىچە قارىساق بىز تىنچ ۋە دوستانە ھالدا مەۋجۇت بولالايمىز». بۇ ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى بىر ئالدىنقى شەرتتە چىڭ تۇرىدۇ، خۇددى فىنلاندىيە زۇڭتۇڭى مارتى ئەخدىسارى بىلدۈرگەندەك : «بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدىكى چوڭ بىخەتەرلىك رىقابىتىگە يەنى نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى، كەڭ كۆلەمدە قىرغۇچى قوراللارنىڭ كېڭىيىشى، جىنايەت ئۆتكۈزۈش، مۇھىتنىڭ ناچارلىششى ۋە قەۋملەر توقۇنۇشى قاتارلىقلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، بىز چوقۇم يېڭى ئۇسۇل قوللىنىپ، يەرشارى بىخەتەرلىكىنى ئۆزگەرتىشىمىز ۋە ئورنىتىشىمىز لازىم ».

بۇ پىكىرلەردىكى مەيدان رەھبەرلەرنىڭ دۆلەت ئىچىدە دۇچ كەلگەن مەسىلە ۋە ئۆز مەنپەئەتىنى شۈبھىسىز ئەكس ئەتتۈرگەن. بىراق ئۇلار ئاز سانلىق. ئادەمنىڭ ئادەمگە قارشى ئۇرۇشى يەنىلا داۋاملاشماقتا. ئىنسانىيەتنىڭ بىخەتەرلىكى يەنىلا كاپالەتسىز. كۆپ نىسبەتتىكى نوپۇس ئاچارچىلىق، نامراتلىق ۋە تۈپ ئىنسان ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش قاتارلىقلارغا دۇچ كەلدى، مىليونلىغان كىشىلەر ئۆز ھۆكۈمىتى قوللىغان ئىرقىي يوقىتىش ۋە تېرورىزىمنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىماقتا. پۇرسەتنىڭ كەملىكىدىن، ئىنسانىيەت كوللېكتىپىنىڭ پۇرسەتنى بايقاش ۋە چىڭ تۇتۇش ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەت يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆزىنى ھالاك قىلىشى مۇمكىن. ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئاسترونوم كارل. ساگان ھەسرەتلىنىپ: «بەلكىم، بىزمۇ ئۆزىمىزنى ھالاك قىلىشىمىز مۇمكىن. بەلكىم بىزگە نىسبەتەن، ئىچىمىزدىكى ئورتاق

دۈشمەن شۇ قەدەر كۆچلۈككى، ھەتتا بىز ئۇنى پەرق ئېتىش ۋە يېڭىشكە ئامالسىزمىز» دېگەن. ئۇ يەنە: «مەن ئۈمىدۋار ... بۇخىل ئېھتىماللىق بارمۇ يوق: ئىنسانىيەت ئەقەللىيسى بۇ نوقتىنى تونۇپ يېتىشكە باشلامدۇ، ئىنسانىيەت ۋە يەرشارىنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلامدۇ؟ ».

## 11. «تارىخنىڭ تۈگەللىنىشى» ياكى ئاقىۋەتنىڭ ئاخىرلىشىش خۇشاللىقىمۇ؟

نۇرغۇن كۆزەتكۈچىلەرگە نىسبەتەن، دۇنيا ئىشلىرىنىڭ تارىخى زۇلۇم بىلەن ئەركىنلىكنىڭ كۈرەش قىلىش تارىخىدۇر. ئەلمىساقتىن بۇ خىل كۈرەش ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە ئىپادىلەنگەن. پادىشاھلىق بىلەن ئاۋامنىڭ كۈرىشى، مۇستەبىتلىك بىلەن دېموكراتىيەنىڭ كۈرىشى، ئىدېئولوگىيە پرىنسىپى بىلەن پراگماتىزملىق سىياسىينىڭ كۈرىشى دېگەندەك. تارىخ روھ بىلەن ئىدىيەنىڭ كۈرىشىدۇر، ئىنسانىيەت مەلۇم بىر ئالاھىدە سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەشكىلاتنىڭ ئىدېئولوگىيەسىگە سادىق بولۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ.

«ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى» دا فاشىزمنىڭ مەغلۇب بولۇشى ھەمدە بىر ئەۋلاد كىشىلەردىن كېيىن خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ يېمىرىلىشىگە ئەگىشىپ ئومۇملاشقان نۇقتىئىنەزەر ـ بىز بىر مەيدان تارىخي چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنىڭ شاھىدى بولدۇق، دېموكراتىزم غەلىبە قىلدى، فىرانسىس .فۇكۇياما بۇنى «تارىخنىڭ ئاخىرلىشىشى» دەپ ئاتىدى. ئۇ « 20 ـ ئەسىر تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىكى ئىدېئولوگىيە زورلۇق كۈچىنىڭ پارتلىشىغا شاھىد بولدى، لىبېرالىزم ئاۋۋال مۇتلەقچىلىقنىڭ داشقاللىرى بىلەن

كۇرەش قىلدى، ئاندىن بولشېۋىزم ۋە فاشىزم بىلەن كۇرەش قىلدى، ئاخىرىدا بۇگۇنكى يېڭىلانغان ماركسىزم بىلەن كۇرەش قىلدى ۋە داۋاملىق كۆرەش قىلىۋاتىدۇ. 20 ـ ئەسىر باشلاندى، كىشىلەر ئىشەنچكە تولدى، غەربنىڭ لىبېرالىزملىق تۈزۈمى ئاخىرى غەلبە قىلىدۇ ».

ئەركىن دېموكراتىك كاپىتالىزمنىڭ دۇنيادا غەلبە قىلغانلىقىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تارىخ ئەمەلىيەتتە ئاخىرلاشتى، لىبېرالىستلار شۇنداق ئىشىنىدۇكى:ئەركىن دېموكراتىزم تۈزۈمى بىلەن بازار يېتەكلىگەن ئىقتىسادى تەرتىپ زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ بىردىنبىر تاللىشى.

يەنە بىر مۇقەررەرلەشتۈرگىلى بولمايدىغان ئېھتىماللىق تارىخ ئاخىرلاشمىدى، بەلكى ھاكىممۇتلەقلىق(مۇستەبىتلىك) بىلەن دېموكراتىك باشقۇرۇش ئوتتۇرىسىكى كۇرەش ھەقىقى ئاخىرلاشمىدى.

## 12.دۇنيادا يېڭى تۈزۈلگەن خەلقئارا تەرتىپ بارمۇ؟

بۇگۇنكى دۇنيا سىياسىيسىدىكى زىددىيەت، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ پالەچ ھالىتىدىن ئازاد بولۇپ چىققان بۇ دۇنيادا داۋام قىلىۋاتقان پالاكەتتۇر. پالاكەتنىڭ مەنبەسى ئىقتىسادتىكى مونوپوللۇق، سىياسىيدىكى مۇستەبىتلىك، مەدەنىيەتتىكى ھاكاۋۇرلۇق ۋە كېڭەيمىچىلىك بولۇشى مۇمكىن. كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغىنىمۇ مۇشۇلارنىڭ داۋامى ۋە دۇچ كېلىدىغان يېڭى بىر يۈرۈش رىقابەتتۇر، ئۇنىڭ ئىچىدىكى رىقابەت خەتەرلىك ھەمدە باشقۇرماقمۇ تەس. يەرشارىلىشىش ھەرقايسى دۆلەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى كېڭەيتىش بىلەن بىرگە ھەر دۆلەت دۇچ كېلىدىغان مۇھاكىمە قىلىدىغان مەسىلىنى كېڭەيتىۋەتتى.

كوممۇنىزم، قەۋملەر توقۇنۇشى، مەغلۇب بولغان دۆلەت، دىنىي جىدەللەر ۋە مۇستەقىللىق داۋالىرىنىڭ باش كۆتۈرۈشىدىن باشقا، يېقىنقى يىللاردىكى تېررورلۇق ھۇجۇملىرى ۋە جىھاتچىلىق دۇنيا تەرتىپىگە دۆلەت ھالقىغان تەھدىت پەيدا قىلدى. بۇ تەھدىتلەردىن باشقا كىسلاتالىق يامغۇر، ئەيدىز، قۇش زۇكامى، باشقا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر، زەھەر ئەتكەسچىلىكى، ئادەم ئەتكەسچىلىكى، قورال ئەتكەسچىلىكى، تەشكىللىك خەلقئارا جىنايەت، ئوزۇن قاتلىمېنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى، كىلىمات ئۆزگىرىشى، جىنسلار باراۋەرلىكىنىڭ توسقۇنلۇقى، ئېنېرگىيە ۋە ئاشلىق يېتىشمەسلىك، چۆللىشىش ۋە ئورمانلارنى كېسىش، مالىيە كىرىزىسى ۋە ئىقتىسادى كاساتچىلىق ھەمدە سودا قورۇقچىلىقى قاتارلىقلارمۇ ئىنسانلارنىڭ بېشىغا بالا بولماقتا.

دۇنيا ھازىر خىتاي، روسىيە، تۈركىيە، ئىران قاتارلىق مۇستەبىتلەر قورغانى ۋە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى دېموكراتىيە قورغانىنىڭ ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن زىددىيەتلىرىگە سەھنە بولماقتا. ۋېنسۇئېلادىكى نامايىش ۋە سۈرىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇش بۇ ئىككى كۈچنىڭ مۇسابىقىسى سەھنىسى بولدى.

ئىنسانلار تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى، ئىقتىساتنىڭ گۈللىنىشى ۋە پەرقلىق پىكىرلەرگە قوبۇلچان بولۇشنى تىنچلىقنىڭ كاپالىتى دەپ تونۇغان ئىدى. ھالبۇكى ئىختىسادىي تەرەققىياتقا ئېرىشكەن خىتاي دېموكراتىيەگە ئېرىشەلمىدى، بايلىققا ئېرىشكەن خىتاي خەلقى خۇشاللىققا ئېرىشەلمىدى. دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئىختىسادىي كۈچ بولغان دۆلەت سۈرىيە، ئىراق خەلقىگە ئوخشاش ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان كىشىلەرنىڭ ۋە ئىران، ئافغانلاردەك دۆلىتىدە ئۈمىدى پايخان بولغان ئىنسانلارنىڭ تاللىشى بولالمىدى. بۇ ئەللەردىكى مۇسۇلمانلار خىتايغا قەلبىدىن مايىل بولۇپ ياۋروپانى مىڭنى تىللىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلەن يەنە شۇ ياۋروپانى كۆچىدىغان مەنزىل قىلىپ تاللىدى.

دۇنيادا ھازىر ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى كوممۇنىزىمغا قارشى سوغۇق ئۇرۇش يوق. كوممۇنىزىمغا قارشى تۇرۇشتا غەرب كاپىتالىزىمى بىلەن بىرلەشكەن مۇسۇلمان دۇنياسى ھازىر خىتاي بىلەن ئىتتىپاق. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ دەردىنى خەلقئىگە كوممۇنىزىمنى سەت كۆرسىتىش ئۈچۈن نەچچە ئون يىل سۈيئىستىمال قىلىنغان سەئۇدىي ئەرەبىستان ۋە تۈركىيە ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ دەردىگە مۇھتاج ئەمەس. شۇڭا سەئۇدىدا تەسىس قىلىنغان ئۇيغۇرچە رادىئو ۋە تۈركىيەدە چىقىۋاتقان ئۇيغۇرچە ئاگلىتىشتا بىرلىشۋاتقىنى ئۇيغۇرنىڭ ئاۋازى ئەمەس، ھاكىمىيەت تەشۋىقاتى. ئۇنىڭ خاراكتېر جەھەتتىن مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە پروگراممىسىدىن پەرقى يوق.

دۇنيادا ئامېرىكا يېتەكچىلىك قىلغان كونا تەرتىپ بۇزۇلدى. سىنتەبىر ۋەقەسى ئامېرىكىنى ۋە غەربنى جىھاتچىلىققا قارشى خەلقئارا ئۇرۇشقا بەنت قىلىپ قويدى. ئافغانىستان، سۈرىيە ۋە ئىراق ئۇرۇشىدا ئادەم پۇل ۋە ۋاقىت ئىسراپ قىلغانغا چۈشلۇق دېموكراتىيە بەرپا قىلالمىغان غەرب ئەللىرى مۇسۇلمان ئەللىرىدە بولۇۋاتقان زۇلۇمغا سالقىن قارايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇيغۇردەك بىر مۇسۇلمان مىللەتنىڭ يېڭى دۇنياۋى ۋەزىيەتتە تىگىشلىك دىققەتكە سازاۋەر بولماسلىقى ھەيران قالارلىق ئەمەس.

خىتاي ھازىر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئامېرىكىدىن قالسا ئىككىنچى چوڭ دەستەكچىسى. ب د ت ئېلىنغان قارارلار خىتاينىڭ پايدىسى ئادالەتنىڭ زىيىنىغا بولۇشى بۇندىن كېيىن تېخىمۇ ئاشكارە. دۇنيا سودا تەشكىلاتى خىتاينىڭ ئويۇن سەھنىسىگە ئايلىنىپ قالدى. خىتاي ۋە

روسىيە بارلىق مۇستەبىت كۈچلەرنى ۋە مەيدانسىز يانتاياقلارنى كەينىگە سېلىپ ھەققانىيەتنى دەپسەندە قىلماقتا.

نامراتلىق، نادانلىق، ئاشقۇنلۇق تەرەققىياتتىن نىسىۋىسىز قالغان ئەللەردە ئەجداتتىن ئەۋلاتقا داۋام قىلماقتا. ئۇلار دۇنيادىكى 20 پىرسەنت ئادەم ياراتقان بايلىقنى خوراتماقتا، ئەڭ خەتەرلىك يېرى بۇ كىشىلەرنى بىر قىسىم ئىدولوگىيەلەر دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مېھرىبانلىق ۋە ھەققانىيەتكە ئوخشاش دۇنياۋىي پىكىرلەرگە قارشى كۆرەشكە چاقىرالايدۇ، ئۆلۈشكە يوللىيالايدۇ. نادانلىق، نامراتلىق ۋە ئاشقۇنلۇقنى دىن، ئۆرۈپ-ئادەت ۋە مىللىي ئەنئەنە دەپ ياشاۋاتقان، كۆپىنچىسى ئاسىيا، ئافرىقا ئەللىرىگە تارقالغان مىللەتلەر دۇنيادىكى دىنىي توقۇنۇش، مىللىي زىددىيەت ۋە تېرورىزىمنىڭ تەييار ئەسكەرلىرىدۇر.

كونا دۇنيا تەرتىپى سوۋېتنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن بۇزۇلغان بولسىمۇ يېڭى دۇنيا تەرتىپى تېخى قۇرۇلمىدى. كونا دۇنيا قالدۇرۇپ كەتكەن يارىلار، كونا مۇستەملىكىچىلىك پەيدا قىلغان يىرىڭلار ۋە تېخنىكا بىلەن پەيدا قىلىنىپ پۇل بىلەن كۈچەيتىلىۋاتقان زامانىۋى قۇللۇق ئىنسانىيەتنىڭ بەختىنى، بولۇپمۇ مەزلۇم مىللەتلەرنىڭ كەلگۈسىنى قاراڭغۇ قىلىپ تۇرماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com